


غوپۇرجان مامۇت

# ئۇرۇش ئوتى ئىچىدىكى ياشلىق

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



.5

ISBN 7-228-06139-X
9 787228 061396 >

ISBN 7-228-06139-X
I·2254(民文)定价:7.00元

15
1247.5
58

غوپۇرجان مامۇت

# ئۇرۇش ئوتى ئىچىدىكى ياشلىق

[redacted]

[redacted]

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ھاجى قۇتلۇق قادىرى
مەسئۇل كوررېكتورى: زۇلەيخا ئىزىز

# ئۇرۇش ئوتى ئىچىدىكى ياشلىق

ئاپتورى: غوپۇرجان مامۇت

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
ئۈرۈمچى پاراۋانلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 مىللىمېتىر، 1/32 باسما تاۋىقى: 5
2000 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
2000 - يىل 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرىژى: 1—3000
ISBN7—228—06139—X/I. 2254
باھاسى: 7.00 يۈەن

图书在版编目(CIP)数据

战火中的青春:维吾尔文/吾甫尔江·马木提著.—乌鲁木齐:
新疆人民出版社,2000.11
ISBN 7—228—06139—X

Ⅰ.战… Ⅱ.吾… Ⅲ.中篇小说—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.1247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第55829号

# 战火中的青春(维吾尔文)

吾甫尔江·马木提 著

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码:830001)
乌鲁木齐福利印刷厂印刷
787×1092毫米 32开本 5印张
2000年12月第1版 2000年12月第1次印刷
印数:1—3000

ISBN7—228—06139—X/I·2254 定价:7.00元

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## بىرىنچى باب

مىلادىيە 1932 ـ يىلى يانۋار. خوتەننىڭ شەھەر ئاسمىنىنى قاپقارا بۇلۇت قاپلىغان. كوچىلاردىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يالىڭاچلانغان شاخلىرىنى قۇرغاق شىۋىرغان ئۇچۇرۇپ تۇراتتى. شىۋىرغان بىلەن بىللە ئۇچۇۋاتقان ئاقۇش قۇملارنىڭ يەردىن كۆتۈرۈلگىنىنى ياكى ئاسماندىن يېغىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. يول چېتىدىكى ئېگىز ـ پەس، قىڭغىر ـ سىڭغىر ئۆيلەرنىڭ تۈرخۇنلىرىدىن چىقىۋاتقان كۆكۈش ئىس شىۋىرغان بىلەن ھەر تەرەپكە ئۇچۇپ، ھاۋاغا ئاچچىق، قاڭسىق پۇراق تارقىتاتتى.

شەھەرنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان گۈل باغ ئۆستىڭىنىڭ سۈيى ئاللىقاچان قۇرىغان، ئۆستەڭ ئىچى قۇم ۋە ئەخلەتلەر بىلەن تولغانىدى. شەھەرنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە سېلىنغان يېڭى شەھەر سېپىلى سوزۇلغان مۇردىدەك قارىيىپ كۆرۈنەتتى.

مەھكىمە شەرئىگە بايىلا تېخى سالاپەت ۋە مەغرۇرانە كەيپىياتتا كىرىپ كەتكەن ۋەلىخان بايھاجى ئۇزاق ئۆتمەي خۇددى ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك خاپا ۋە قاپىقى چۈشكەن ھالدا قايتىپ چىقتى. ئۇ خوتەننىڭ شۇ چاغدىكى ئەڭ چوڭ بايلىرىدىن بىرى بولۇپ، نەچچە يەردە گىلەم، ئەتلەس، شايى، بەقەسەم توقۇيدىغان دەستىگاھلىرى، نۇرغۇن

چاكارلىرى بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ ئۆزى بىلەن تەڭ ياكى ئۆزىدىن يۇقىرى مەرتىۋىدىكىلەرگە تولا بەك خوش دەپمۇ كەتمەيتتى.

بايھاجى ئۇستىدىكى سۆسەر جۇۋىسىنىڭ ياقىسىنى تىك قىلىپ، كەمچەت تۇمىقىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغانىدى. پۇتىدىكى ئامېرىكانچە ئىسكىلاچ مەسە كالىچى تېخى ھازىرلا سۈرتۈلگەندەك پارقىراپ تۇراتتى. ئىزۋوشقا قوشۇلغان ئاق قاشقىلىق بەدەخشان ئارغىماقلىرى گويا خوجايىنىنىڭ بۇ كەيپسىزلىكىدىن ھېچبىر خەۋىرى يوقتەك شەھەرنىڭ ئېگىز - پەس، قۇمساڭغۇ يولىدا ئويناقشىپ، ئىزۋوشنى بەھۇزۇر تارتىپ كېتىپ باراتتى.

ئىمىن ھەزرەت بىلەن سىيىت بۇغرا مەھكىمە شەرئىنىڭ ئەڭ چوڭ ئەربابلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قاتارىدا ساۋۇت داموللىمۇ بار ئىدى.

ساۋۇت داموللا مەھكىمە شەرئىنىڭ دىنىي ئىلىم باشقۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، قوشۇمچە خوتەن تەۋەسىدىكى مەدرىسىلەرگە باش مۇدەررىس ئىدى. ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن خوتەن خانلىق مەدرىسىگە بېرىپ نەچچە يۈز تالىپقا مۇدەررىسلىك قىلاتتى. بايھاجىنىڭ مەھكىمە شەرئىدىن قايتىپ چىققان ھامان سۆسەر جۇۋىسىنىڭ ياقىسىنى ئوڭشاپ، ئۈن - تىنسىز ئىزۋوشقا ئولتۇرۇپ ئاچچىقلانغان ھالدا: «ھەيدە!» دەپ بۇيرۇق قىلىشىدىن، ھەممە نەرسىگە سەزگۈرلۈك بىلەن قاراشقا ئادەتلەنگەن دۆلەت، بايھاجىنىڭ مەھكىمە شەرئىدە قانداقتۇر كۆتۈلمىگەن بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىغانلىقىنى پەملىدى - دە، ئىزۋوشنى ئورنىدىن يېنىك قوزغىتىپ، مەھكىمە ئالدىدىن

www.uyghurkitap.com

يۇرۇپ كەتتى.
چوڭ كوچىدا ئادەم كۆپ ئىدى. دۆلەت ئىززۇشقا يول ئېچىش ئۈچۈن، ئىززۇشىنىڭ قوڭغۇراق تەپكىسىنى قاتتىق بېسىپ جاراڭلىتىپ گۈل باغ ئۆستەڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتتى ـ دە، كونىشەھەر قىزىق دەرۋازىسىدىن مويكا تەرەپكە يۇرۇپ كەتتى. شۇ چاغدا يولدا باياھاجىغا ئۇنىڭ كارخانىسىنىڭ باش دىرېكتورى ھەم مەسلىھەتچىسى قادىر ئاخۇنباي ئۇچراپ قالدى.

— توختاڭ ! — دەپ دۆلەتكە جىددىي بۇيرۇق ئاھاڭىدا سۆزلىدى باياھاجى، ئاندىن پەسكە ساڭگىلىغان قاپاقلىرى ئارىسىدىن قادىر ئاخۇنبايغا قارىدى، — بىر ياققا ماڭغانمىدىڭىز ؟ قېنى يېنىمغا چىقىڭ!

قادىر ئاخۇنباي ئىززۇشقا چىقتى ۋە باياھاجىنىڭ رەڭگىرويىغا قاراپ بىرەر ئىشتىن كۆڭلى بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى بايقىدى ـ دە، ئىززۇشنى خام ئەشيا پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى تەرەپكە ھەيدىتىپ ئېلىپ كەتتى. قادىر ئاخۇنباينىڭ كىچىك خوتۇنىنىڭ ئۆيى مۇشۇ زاۋۇت ئىچىدە ئىدى. قادىر ئاخۇنباي بىلەن باياھاجى ئىززۇشتىن چۈشۈپ مېھمانخانىغا قاراپ ماڭدى. بۇ مېھمانخانا باياھاجىنىڭ چەت ئەللىك مېھمانلار ۋە ئەمەلدارلارنى كۈتۈۋالىدىغان مەخسۇس سارىيى بولۇپ، ياسىلىشى كۆركەم ۋە ھەشەمەتلىك ئىدى.

باياھاجى مېھمانخانىغا كىردى ـ دە، قادىر ئاخۇنغا:

— ئىشكىنى ئىچىدىن ئىلىپ قويۇڭ، — دېدى.

قادىرئاخۇن ئىشكىنى ئىچىدىن ئىلىۋېتىپ بۇگۈن باياھاجىنىڭ ئۆزى بىلەن ناھايىتى مۇھىم بىر ئىش ئۈستىدە

كېڭىشىدىغانلىقىنى قىياس قىلدى.

مەشتە گورۇلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوت بۇ ئازادە، ياسىداق مېھمانخانىنى خېلىلا ئىسسىتقانىدى.

بايھاجى جۇۋىسىنى سېلىپ تاشلاپ، بېشىدىن تۇمىقىنىمۇ ئېلىۋېتىپ قىزىل دۇخاۋا بىلەن قاپلانغان كرىسلوغا چۆكتى.

— كېلىڭ، ماڭا يېقىنراق ئولتۇرۇڭ، — دېدى بايھاجى بىر خىل ھارغىنلىق يەتكەندەك تۆۋەن ئاۋازدا، — سىز مېنىڭ ئۇزاق يىللىق مەسلىھەتچىم، شۇڭا ئۆزۈم دۇچ كەلگەن ھەر قانداق مۇشكۇل ئىشنى سىز بىلەن كېڭىشىپ بېجىرىپ ھەل قىلىپ كەلگەنمەن. بىزدە «كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، ھېلىھەم بولسىمۇ سىزدىن مەسلىھەتسىز ئىش قىلمايمەن.

— خوش، خىزمەتلىرىگە تەييارمەن تەقسىر، قانداق ئىش بولسا دېسىلە، — دېدى قادىر ئاخۇنباي ئىتائەتمەنلىك بىلەن.

— تۈنۈگۈن كېتىپ بارسام ساۋۇت پالاندى[1] مەن بىلەن چوڭقۇر سالاملىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتى. ئۇ بۇرۇن ماڭا ھېچقاچان مۇنداق خۇشامەتلىك سالامنى قىلمايتتى. كۆرۈشۈپ بولۇپ ئۇمۇ كەتتى، مەنمۇ كەتتىم. ئاخشام ئولتۇرساق ئۆيگە بىر ئادەم كىرىپ كەلدى، ئۇ ماڭا ئاغزى پېچەتلەنگەن بىر پارچە خەتنى بەردى-دە، باشقا گەپ-سۆز قىلماي ئالدىراپلا چىقىپ كەتتى. مەن خەتنى ئېچىپ ئوقۇدۇم. خەتنى ئىمىن ھەزرەت يېزىپتۇ. خەتتە باشقا گەپ

① ساۋۇت داموللىنى دېمەكچى - ئا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يوق. ئەتە ئەتىگەندە بىر كەلسىلە، بىرلىكتە قىلىشىدىغان مەسلىھەتىمىز بار ئىدى، شۇ مەسلىھەتتىن كېيىن سىلىنى ھۆكۈمەت خىزمىتىگە قاتناشتۇرساق، دېگەن گەپ. مەن كۆپ ئويلاندىم. بۇرۇن مېنى شۇنچىۋالا چەتكە قاقاتتى، ئەمدى ئەجەب ھۆكۈمەت خىزمىتىگە قاتناشتۇرماقچى بولۇپ قاپتىغۇ؟ دەپ ئويلىنىپ، ئەتىگەندە بارسام، ئۇلار ئايرىم بىر ئۆيگە يىغىلىشىپ ماڭا قاراپ ئولتۇرغانىكەن. ھەممىدىن بۇرۇن ساۋۇت داموللا سۆز باشلىدى. گېپىنى تۇتۇپمۇ ئالالمىدىم. ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: ئۇلار ھازىرقى ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرارمىش. بۇنىڭغا ئىمىن ھەزرەت بىلەن ساۋۇت داموللا رەھبەرلىك قىلارمىش. بۇنىڭغا كېتىدىغان پۇلنى مەن چىقىرارمىشمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا بىر تۆەنىڭ تۆەنجاڭلىقىنى بېرەرمىش. ئەگەر مەن بۇلارنىڭ پىلانىغا قوشۇلمىسام، كېيىنكى ئەھۋالىم خەتەرلىك بولارمىش. مېنىڭمۇ ئەزەلدىن ساۋۇت دېگەن بۇ ئىپلاس پالاندى بىلەن مىجەزىم كېلىشمەيدۇ. ئۇ تېخى مېنى تار يەرگە قىستاپ، ھاجىم پوزىتسىيە بىلدۈرسۇن، دېۋىدى، مەن ئويلىنىپ ئاندىن جاۋاب بېرەي، دەپ قايتىپ چىقتىم. بۇنداق چوڭ ئىشلاردا ئالدىراپلا بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ-دە، ھەي ... سىزچە بۇنى قانداق قىلساق بۇلار قادىر ئاخۇن؟

— بەكمۇ ئاقىلكەنلا، ئېنىق جاۋاب بەرمەي ناھايىتى قىممەتلىك ئىش قىلىپلا ھاجىم، — دېدى قادىر ئاخۇنباي بىر خىل تەشۋىشلىك قىياپەتتە، — ئۇلارنىڭ بۇ پىلانىغا ھەرگىز ئاۋاز قوشقىلى بولمايدۇ، ئۇنداق قىلىش قاراپ تۇرۇپ ئۆزلىرىنى ئوتقا تىقىش دېگەن سۆز. ئىمىن ھەزرەت

بىلەن ساۋۋت داموللىنىڭ ئەزەلدىن مۇشۇنداق سۇيىقەستلىك پىلانى بار، ئۇلار بۇ پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن سىلىنى قۇربان قىلماقچى.

— گېپىڭىز غوتوغرا، — دېدى بايهاجى قويۇق، قىلىن ساقىلىنى تۇتاملىغان هالدا خىيالغا چۆكۈپ، — لېكىن ئۆزىڭىز بىلىسىز، قولىمىزدىكى پۇل - مال، سەرپايە ئاز ئەمەس، ئۇلار مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مېنى خانىۋەيران قىلىسچۇ؟

— سۇ كەلگۈچە تۇغان سالىمىز، بۇنىڭ ئامالىنى قىلىمىز.

—خوش، قانداق ئامال؟

— ئۇلارنىڭ قورالىغا قورال بىلەن قارشى تۇرىمىز. كارخانىلاردا نەچچە يۈز نىمكار ئىشچىلار بار ئەمەسمۇ، ئۇلارنى قوراللاندۇرىمىز.

— بۇغۇ ياخشى چارىكەن، ئەمما قورالنىچۇ؟ قورالنى نەدىن ئالىمىز؟

— چەت ئەلدىن، ئەڭ ياخشىسى، هىندىستاندىن ... هازىر هىندىستان تەرەپكە ئۆتكۈزگەن نەچچە يۈز تاي يىپەك، نەچچە يۈز تاي يۇڭ بار. ئۇنىڭدىن باشقا، قەشقەردىكى سودا سارىيىمىزدا بىر مۇنچە خام مال بار. بۇلارنى ئاتلارغا ئارتىپ هىندىستانغا ماڭدۇرىمىز. يەنە يەكەندىكى سودا سارىيىمىزدىمۇ خام مال بار ... بۇلارنىڭ هەممىسىنى هىندىستان تەرەپ كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەسلىدە هىندىستان تەرەپ بىز ئۆتكۈزگەن مالغا ئەپيۇن بەرمەكچى بولغان، ئەمدى ئەپيۇننىڭ ئورنىغا قورال - ياراغ ئالىمىز، دەيمىز، بۇ هىندىستان تەرەپنىڭ قولىقىغا ئەڭ خۇش ياقىدىغان سودا.

— توغرا ··· توغرا — ··· بايهاجىنىڭ خىيالىدىن بىرى تۇرۇكلۇك تۇرغان قاپىقى بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى. — بىراق ··· قورال - ياراغ كەلسە هازىرچە نەگە سىغدۇرىمىز!

— ئۆزلىرى ئولتۇرۇشلۇق سارايىنىڭ ئامبىرىنى باسساق بولىدۇ، — دېدى قادىر ئاخۇنباي ئىشەنچلىك قىلىپ، ئەمما بايهاجى نېمىنىدۇر ئويلىغاندەك بېشىنى چايقىدى.

— بولمايدۇ، بىرەر كىمنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالىدۇ. مېنىڭچە يېزىدىكى ئورتاقچى بارات ئولتۇرۇشلۇق كونا قورۇنىڭ يەر ئاستى ئۆيى ئەڭ ئىشەنچلىك، ئۇنى باراتتىن باشقا هېچكىم بىلمەيدۇ.

— بەللى، يەنىلا سىلى ئەقىللىق جۇمۇ، — بايهاجىنىڭ بۇ پىلانى قادىر ئاخۇنبايغا قەۋەتلا يارىغانىدى.

— مۇشۇ باهانىدە، — دېدى ئۇ بايهاجىنىڭ كۆزىگە بىر خىل قۇۋلۇق بىلەن تىكىلىپ، — ئىمىن هەزرەت بىلەن ساۋۇت داموللىنىڭ ئورنىغا چىقىپ قالسىلىمۇ ئەجەب ئەمەس، قۇمۇلدىكى تۆمۈر هارۋىكەشمۇ خەقنى بىراقلا قوزغاپ مىلىتقىنىڭ كۈچى بىلەن سىلىڭ بولۇپ ماشىنا هەيدەپ يۈرۈيدۇ، دەپ ئاڭلايمىز. مامۇت سىلىڭ دەپ ئاڭلايمىز، كۇچادىن هەمدەم بەگهاجى دەپ ئاڭلايمىز، ئوسمان سىلىڭ دەپ ئاڭلايمىز، يېڭىساردىكى قادىر بەگهاجىمۇ قورالنىڭ كۈچى بىلەن هوقۇقنى ئېرىشىپ، خان كۆۋرۈك بېشىغا ئالاهىدە بىر ئوردا سالدۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار شۇنداق قىلغان يەردە، سىلى قىلالامالا؟ ئۆزلىرىنىڭ نەرى كەم. سىلى بوشاڭلىق قىلسىلا مەتىمىن هەزرەت بىلەن ساۋۇت داموللا سىلىنى كاۋاپ قورۇپ يەۋېتىدۇ. هايات قېلىشلىرى، گۈللەپ ياشناشلىرى ئۈچۈن، ئۇلار قول

سالغۇچە سىلى قول سېلىپ، ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپلا قالماي، ئورۇنلىرىنى مۇستەھكەملەشلىرى ۋاجىپتۇر. قورال ئىشىغا كەلسەك، بۇنىڭغا كۆپ باش قاتۇرۇش ھاجەتسىز، قوراللارنى ھىندىستاندىن دائىم ساندۇقلۇق مال كەلگەندىن كېيىن، باشقا خەق ئۇنى قورالمۇ، مالمۇ پەرق قىلالماي قالىدۇ. قورالنىلا ساق ـ سالامەت يۆتكىۋالساق، قالغان ئىشنى ئۆزۈم جايلايمەن.

بۇ مەسلىھەت باياجىغا ياغدەك يېقىپ كەتتى.

— خۇدا بىزنى بۇ مەقسەتكە ئامان ـ ئېسەن يەتكۈزسە ئەجەب ئەمەس، ئەمىسە سىز بۇگۈندىن باشلاپ بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلىڭ، — دېدى باياجى جۇۋىسى بىلەن تۇمىقىنى كىيىۋېتىپ.

قادىر ئاخۇنباي شۇ كۈندىن ئېتىبارەن قورال ـ ياراغ سېتىۋېلىش ئىشىغا جىددىي كىرىشىپ كەتتى. ئۈچ كۈن ئىچىدە ھەر قايسى تەرەپكە ماڭدۇرىدىغان ماللارنى ماڭدۇرۇپ، مويكىدىكى ماللارنى ئات ۋە تۆگە بىلەن ھىندىستان تەرەپكە يولغا سالدى، باياجى قەشقەرگە ماڭىدىغان بولدى. شۇ ئارىلىقتا مەھكىمە شەرئىيدىن باياجىنىڭ ئالدىغا يەنە ئادەم كەلدى. باياجى ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا كەلگەن ئادەمگە: «مەن قەشقەرگە سودا ئىشى بىلەن ئەتە سەھەر ماڭماقچى، سىلەرنىڭ ھېلىقى ئىشىڭلارغا مەن ياردەم قىلالمايمەن ھەم قاتنىشالمايمەن، ئەپۇ قىلغايسىزلەر» دېگەن مەزمۇندا خەت يازدى ـ دە، قولىغا تۇتقۇزۇپ يولغا سالدى. ئەتىسى سەھەردە دۆلەت بىر جۈپ ئارغىماق قوشۇلغان ئىزۋوشنى باياجىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى، باياجى قادىر ئاخۇنباي بىلەن بىللە ئىزۋوشقا ئولتۇرۇپ قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ

كۈنلەردە خوتەن تەۋەسىدە قار ياغمىغان بولسىمۇ، قارا سوغۇق ناھايىتى قاتتىق بولۇۋاتاتتى. بولۇپمۇ زاۋال پىيالمىنىڭ قۇملۇق چۆللىرىدە ۋە چولاقنىڭ سايلىرىدا ئاچچىق شىۋىرغان خۇددى مىلتىقنىڭ ئوقىدەك چۇۋۇلداشماقتا ئىدى. ئۇلار بىر نەچچە كۈن يول مېڭىپ قەشقەرگە كەلدى ـ دە، ئۆزلىرىنىڭ سودا سارايلىرىغا چۈشۈشتى ۋە ئەتىسى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىغا باردى. ئەنگلىيە كونسۇلى بۇ ئىككىسىنىڭ نىمە مەقسەت بىلەن كەلگەنلىكىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇلارنى زور ئىلتىپات بىلەن قارشى ئالدى، بايھاجى سۆھبەت ئاخىرىدا ئاساسىي مەقسەتكە كۆچۈپ، ھىندىستان تەرەپ بىلەن قىلغان بۇرۇنقى سودا كېلىشىمىگە ئازراق تۈزىتىش كىرگۈزۈشنىڭ زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقىنى، ئەپيۈننىڭ ئورنىغا قورال ـ ياراغ تېگىشىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. كونسۇل بايھاجىنىڭ تەلىپىگە ئىككىلەنمەيلا ماقۇل بولدى. تېگىشلىك قورال ـ ياراغنى ھىندىستان تەرەپنىڭ ئۈچ ئاي ئىچىدە ئۇلارغا ھازىرلاپ يوللاپ بېرىشكە بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

قادىرئاخۇن قەشقەردىكى باشقا ئىشلىرىنى تۈگىتىپ دەرھال خوتەنگە قايتتى. بايھاجى ئۆزى بىۋاسىتە ھىندىستانغا مال ئېلىپ ماڭدى ۋە سېتىۋېلىنغان قوراللارنى ئاتقا ئارتقۇزۇپ سۆگەت قورۇل دېگەن يەرگە كەلگەندە قادىرئاخۇنغا خەت يازدى. قادىرئاخۇن مويكىدا ئىشلەيدىغان ئىشەنچلىك، قاۋۇل ئالتە نەپەر ئادەمنى باشلاپ بايھاجىنىڭ ئالدىغا باردى ـ دە، ئۇن ـ تىنۋىش چىقارغۇزماي ئاتلارنى يېتىلەپ غوجا كالان يېزىسىدىكى باراتنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. يېرىم كېچە، ئەتراپ ئۇيقۇغا چۆمگەنىدى. قادىرئاخۇن كارۋان بېشى راخمان ۋە باشقىلار بىلەن بىرلىكتە

قورال ـ ياراغنى ئاتتىن چۇشۇرۇپ ئامبارغا توشۇماقتا ئىدى. شۇ چاغدا كۈتۈلمىگەن بىر كېلىشمەسلىك يۈز بەردى. مويكىدىن ئېلىپ كەلگەن ئاسىم مەرگەن ئىسىملىك ئىشچى تۇتۇپ تۇرغان ئات شاشلىق قىلىپ قادىر ئاخۇن بىلەن راخمان كارۋان بېشىدىن ئۈركۈپ كەتتى ـ دە، راخمان يۆلەپ تۇرغان ساندۇق بىراقلا يەرگە چۈشۈپ كېتىپ ساندۇق ئىچىدىكى قورال ـ ياراغ چېچىلىپ كەتتى. قادىر ئاخۇن بىلەن راخمان كارۋان بېشى مىلتىقلارنى دەرھال كىگىز بىلەن ئورىۋالدى ـ دە، باشقىلارنىڭ كۆزىدىن ساقلاپ قالدى. ساندۇقلار ئامبار ئىچىگە كىرگۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ئىشىككە قۇلۇپ سېلىندى ۋە ھەممەيلەن تارقاپ كېتىشتى.

ئاسىم مەرگەننىڭ خوتۇنى ناھايىتى كۆنلەمچى ئايال ئىدى. مويكىدا ئىشلەيدىغان ئاياللار كۆپ بولغاچقا، ئۇنىڭ خوتۇنى ئېرىنى ھەمىشە ئاشۇ خوتۇنلاردىن كۆنلەپ ئۇرۇشاتتى. ئاسىم مەرگەن بۈگۈن كەچ قېلىپ، خوتۇنىنىڭ جېدەل چىقىرىدىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟ ئۇ ئۆيگە كېلىپ ئىشىكنى ھەر قانچە ئۇرسىمۇ خوتۇنى ئىشىكنى ئاچقىلى ئۇنىمىدى. ئۇ ئۆي ئىچىدە ئاغزىنى بۇزۇپ ئېرىنى بولۇشىچە تىللىماقتا ئىدى. شۇ چاغدا ئاسىم مەرگەننىڭ ئون يەتتە ـ ئون سەككىز ياشلاردىكى ئوغلى ئالىم ئانىسىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي دادىسىغا ئىشىكنى ئېچىپ بەردى. ئاسىم مەرگەن ئۆيگە كىرىپ چاپىنىنى سېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي خوتۇنى جاۋىلداپ ئۇنىڭ ئالدىغا دېۋەيلىنىپ كەلدى. ئۇ ئاۋازىنى بولۇشىچە قويۇپ:

— سەن گاداي يېرىم كېچىدە قايسى ئاشناڭنىڭ ئۆيىگە باردىڭ؟ راستىنى دېمەيدىكەنسەن، ياقاڭغا ئېسىلىپ

ئاخۇنۇمنىڭ ئالدىغا سۆرەپ چىقىمەن، سەندىن خېتىمنى ئالىمەن، — دەپ ۋارقىرايتتى.
ئوغلى ئالىم يا دادىسىغا يا ئانىسىغا بولۇشۇشنى بىلەلمەي بۇلۇڭدا جىمجىت تۈگۈلۈپ ياتاتتى. خوتۇنى ئاخىرىدا تېخىمۇ چالۋاقاپ ئېرىنىڭ ياقىسىغا كاپ قىلىپ ئېسىلدى:
— ئېيتە، زادى يېرىم كېچىدە قايسى جالاپ ئاشناڭنىڭ قېشىغا باردىڭ؟
— ئۇنداق قىلما خوتۇن سەت تۇرىدۇ، كېچىسى نەگە باراتتىم، ئىشلىدىم، — دېدى ئاسىم مەرگەن خوتۇنىنىڭ قولىنى بوشىتىشقا تىرىشىپ.
— ئىشلىدىم؟ ئېيتە، نەدە ئىشلىدىڭ؟
— هاجىمنىڭ هىندىستاندىن ماللىرى كەلگەنىكەن، مال چۈشۈردۇق.
— يالغان! هاجىم كېچىسى مال چۈشۈرۈپ ئوغرىلاپتىكەنمۇ ئۇ مالنى؟ باشقا ۋاقىتتا كۈندۈزى كېلىدىغان مال ئەجەب بۈگۈن كېچىسى كېلىپ قاپتۇيا؟
— شۇنداق، ئۇنى كېچىسى ئەكەلمىسە بولمايدىغان مال ئىكەن.
— نېمە مال ئىكەن ئۇ؟
— قورال - ياراغ ئىكەن، ئۇنى يېزىدىكى بارات ئولتۇرغان ئەسكى قىشلاقنىڭ ئامبىرىغا توشۇۋېتىپ هازىر قايتىپ كەلدۇق. قادىرئاخۇن بايمۇ هازىرلا ئۆيىگە كەتتى. ئىشەنمىسەڭ، ئەتە قادىرئاخۇندىن ئۆزۈڭ سوراپ باقمامسەن.
خوتۇنى بۇ گەپتىن كېيىن پەسلەپ قالدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى باب

كۆتۈلمىگەندە، خوتەنگە ماخۇسەننىڭ ئەسكەرلىرى بېسىپ كېلىۋېتىپتۇ، دېگەن شۇم خەۋەر تارقالدى. ئۇ چاغدا ساۋۇت داموللا قەشقەرگە كەتكەن بولۇپ، يۇرت كاتتىلىردىن ئىمىن ھەزرەت ۋە ئەمىر ساھىب قاتارلىق بىر نەچچە كىشىلا قالغانىدى. ئۇلار تەشۋىش ساراسىمىگە چۈشۈپ، قورالىلىق ئەسكەر قوماندانى شاھ مەنسۇرنى ئالدىغا چاقىرتىشتى.

— تۇڭگانلارغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ قانداق ئامالى بار؟ سىز بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟ — دېدى ئىمىن ھەزرەت چىرايىدىن سەركەردىلەرگە ئوخشاش بىر خىل قورقۇمسىزلىق ۋە باتۇرلۇق ئىپادىسى ئەكس ئېتىپ تۇرغان شاھ مەنسۇرغا سوئال نەزەرىدە تىكىلىپ.

— ئەڭ ياخشى چارە ۋاقتىنچە شەھەردىن چېكىنىش، تەقسىر، — دېدى شاھ مەنسۇر ئارتۇقچە ئويلانمايلا.

— نېمە دەۋاتىسىز؟ نېمىشقا؟ — ئىمىن ھەزرەتنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— ماخۇسەننىڭ ئەسكەرلىرى كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە...

— ماخۇسەننىڭ ئەسكەرلىرى كۆپ بولسا، بىزنىڭمۇ

www.uyghurkitap.com

كۆپقۇ؟ — ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى ئىمىن ھەزرەت.

— دۇرۇس، بىزنىڭمۇ كۆپ، — ئالدىرىماي چۈشەندۈردى شاھ مەنسۇر، — بىراق بىزنىڭ قورال ـ ياراغلىرىمىز كەم. قولىمىزدىكى بارلىرىمۇ ناچار، ئاتلىرىمىز ئورۇق ھەم ئاز، ئەگەر بىز مۇشۇ ئەھۋالىمىز بىلەن ئۇلارغا تاقابىل تۇرىدىغان بولساق، ھەممىمىزنى پىلىموتلىرى بىلەن قىرىپ تۈگىتىۋېتىدۇ.

— ھە ... سۆزلەڭ ...

— قوشۇنلىرىمىزنى تاغ ۋە سەھرالارغا چېكىندۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنى ئارتۇقچە تالاپەتتىن ساقلاپ قالالايمىز، ئەسكەر ئالىمىز، كەم ئاتنىمۇ تولۇقلاپ ئالالايمىز.

— توغرا مەسلىھەت — ... بېشىنى لىڭشىتتى ئىمىن ھەزرەت، — بىراق قورال ـ ياراغنىچۇ؟

— ئۇنىڭمۇ بىر ئامالى بولۇپ قالار، — دېدى شاھ مەنسۇر ئۈمىدسىز بىر ھالەتتە.

ئىمىن ھەزرەت ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلەش ئۈچۈن قورال بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى بۇرۇنلا ياخشى بىلەتتى ھەم بۇنىڭغا ناھايىتى زور ئېتىبار بىلەن قاراپ كەلگەنىدى. ئۇ بايۋاچىنىڭ ئۆزى بىلەن ھەمكارلىشىشنى رەت قىلىپ، ئۈشتۈمتۇتلا ھىندىستانغا كەتكەنلىكىدىن قاتتىق گۇمانلاندى. «ئۇ چوقۇم قورال سېتىۋېلىشقا كەتكەن» دەپ ھۆكۈم قىلدى ۋە بۇ پەرىزىنى شاھ مەنسۇرغا ئېيتتى. شاھ مەنسۇر دەرھال ئەسكەر چىقىرىپ، بايۋاچىنىڭ ھىندىستاندىن كەلگەن كارۋانلىرىنى نازارەت ئاستىغا ئالدى ـ دە، ماللىرىنى مويكىغا چۈشۈرگۈزۈپ بىر ـ بىرلەپ تەكشۈردى. ئەمما مال ئارىسىدىن بىرەر تالمۇ قورال تاپالمىدى. ئۇلار بايۋاچىنىڭ

قادىر ئاخۇنىنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن ھىندىستاندىن خۇپىيانە ئېلىپ كەلگەن قورال - ياراغلىرىنى سۆگەت قورالدىن ئۇدۇل يېزىغا — باراتنىڭ قورۇسىغا ئاپىرىپ ئامبارغا يوشۇرۇپ قويغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟

ماخۇسەنىنىڭ ئەسكەرلىرى خوتەن شەھىرىگە خۇددى قارا بوراندەك باستۇرۇپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار ئۇچرىغانلىكى ئادەملەرنى ئۇر - چاپ قىلاتتى، ئۆيلەرگە ئوت قوياتتى، دۇكانلارنى بۇلايتتى.

ئىمىن ھەزرەت ۋە ئەمىر ساھىبلار مەھكىمە شەرئىنى تاشلاپ، شاھ مەنسۇرنىڭ قورالىق قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە يېزىلارغا چېكىندى. ئۇلار دېھقانلارغا ھەر خىل سېلىقلارنى سېلىپ ئاشلىق، گۆش بىلەن ئۆزلىرىنى تويۇندۇرسا، بېدە، سامان، قوناقلار بىلەن ئاتلىرىنى باقاتتى. ئۇلار يەنە تەرەپتىن تۆمۈرچىلەرنى يىغىپ قىلىچ، پالتا، كەكىلەرنى سوقتۇرۇپ، ئەسكەرلىككە يېڭى قوبۇل قىلىنغان دېھقانلارنى قوراللاندۇرۇشقا باشلىدى. شۇ قاتاردا ئاسىم مەرگەنىنىڭ يېزىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە قېچىپ چىققان ئوغلى ئالىممۇ بار ئىدى.

شۇ كۇنلەردە، ماخۇسەن قىسىملىرىنىڭ شەھەردە نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ۋەھىمىلىك - قورقۇنچلۇق خەۋەرلەر كۇندە دېگۇدەك يېزىلارغا يېتىپ بېرىشقا باشلىدى. ئىمىن ھەزرەت ۋە شاھ مەنسۇرلارنىڭ ئاگاھلىشىچە، ماخۇسەن قىسىملىرى بايىھاجىنىڭ يالغۇزۇشلىرىغا قارىماي ئۇنى قەتل قىلىپ، يېقىنلىرىنى نەزەربەند ئاستىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ بارلىق كارخانا، دۇكان ۋە موپكىلىرىنى بۇلاپ، ئۆي - ئۆيلەرگە كىرىپ بۇلاڭچىلىق

قىلىپ، قارشىلىق قىلغان پۇقرالارنى رەھىمسىزلەرچە ئېتىپ ياكى نەيزە سانجىپ ئۆلتۈرگەنىش. شۇ قاتلاردا ئاسما مەرگەن بىلەن ئايالىنىڭ دەھشەتلىك ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى توغرىسىدىكى شۇم خەۋەر تېزلىكتە ئالىمنىڭ قولىقىغا يەتتى. ئۇ ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇپ نالە ـ پەرياد قىلاتتى، يىغلايتتى. «لەنىتى بولاڭچىلاردىن قانغا قان، جانغا جان ئالىمەن!» دەپ ۋارقىرايتتى. ئەتراپىدىكى ئەسكەرلەر ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەتتى. ئالىم مەرگەن شاھ مەنسۇرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بۇ مۇسىبەت خەۋىرىنى يەتكۈزگەندىن كېيىن:

— رۇخسەت قىلسىلا، شەھەرگە كىرىپ چىقسام. ئاتا ـ ئانامنىڭ ئۆلۈكى نەدە قالدى؟ كۆمۈكسىز قالغان بولسا يەرلىكىدە قويۇپ، يەرلىكىدە قويۇلغان بولسا نەزىر ـ چىرىغىنى بېرىۋېتىپ قايتىپ چىقسام، — دېدى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلغۇلۇق، — دېدى شاھ مەنسۇر، — بىراق تۇڭگانلار سېنىڭ بىزنىڭ قېشىمىزدىن كەلگەنلىكىڭنى بىلىپ قالسا قانداق قىلىسەن؟

— بۇنىڭغا چارەم بار، شەھەرگە كېچىلەپ كىرىمەن، دادامنىڭ قاسىماخۇن دەپ شىرەم تۇغقىنى بولىدىغان، شۇنىڭ ئۆيىدە پاناھلىنىمەن، — دېدى ئالىم مەرگەن، شاھ مەنسۇر رۇخسەت قىلدى. ئالىم مەرگەن شۇ كېچىسىلا شەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. شەھەر سىرتىدا يول ـ يول، دوقمۇش ـ دوقمۇشلارغا جېسەكچى قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار ياققان گۈلخان چاراسلاپ يېنىپ تۇراتتى. گۈلخاننىڭ سارغۇچ يالقۇنى جېسەكچىلەرنىڭ سۆرۈن تەلەتىنى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق قىلىپ كۆرسىتەتتى.

ئالىم مەرگەن تۇساقلاردىن ئەپچىللىك بىلەن ئايلىنىپ ئۆتۈپ شەھەرگە كىردى. بۇرۇنقى ئاۋات، گۈزەل شەھەر ئاللىقاچان خارابىلىققا ئايلانغان، بەزى ئۆي ـ ئىمارەتلەر ھېلىمۇ كۆيۈۋاتاتتى. كۆيۈپ بولغانلىرى بىر خىل ۋەھىمىلىك جىمجىتلىق ئىچىدە ئۆلگەن ئادەمدەك قارىيىپ كۆرۈنەتتى. ئالىم مەرگەن قاسىماخۇننىڭ دەرۋازىسىدىن ئارتىلىپ ھويلىغا چۈشۈپ ئىشىكنى ئاستا، ئېھتىيات بىلەن چېكىشكە باشلىدى. خېلى بىر چاغدىن كېيىن بوۋاينىڭ قورقۇنچ ئارىلاش خىرىلدىغان ئاۋازدا:

— كىم ...؟ — دېگىنى ئاڭلاندى.

— مەن ... ئالىم — ... دېدى ئالىم ئاغزىنى ئىشىك يېرىقىغا چاپلاپ. قاسىماخۇن ئالدىراپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۆي ئىچى قاراڭغۇ ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى.

— ۋاي بالام، نېمىشقا كەلدىڭ؟ يولدا تۇتقۇنلارنىڭ بىرەرسى كۆرۈپ قالمىغاندۇ؟ — سورىدى بوۋاي ئالدىراپ ئىشىكنى يېپىپ. ئاندىن ئۇ ئالىمغا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ماخۇسەن ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قانداق ئۆلتۈرۈلگەنلى-كىنى، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ قانداق دەپنە قىلىنغانلىقى قاتارلىقلارنى سۆزلەپ بەردى. ئالىم مەرگەننىڭ يۈرىكى مۇسىبەت ۋە قىساس ئوتىدا پۇچۇلانماقتا ئىدى. كۆزلىرىدىن ئۈنسىز ياش تۆكۈلەتتى.

— سەۋر قىل بالام، — دېدى بوۋاي ئەلەملىك ئۇھ تارتىپ، — بۇ مۇناپىقلارنىڭ ئەدىپىنىمۇ خۇدايىم بېرەر، مەنغۇ قېرىپ قالدىم. لېكىن ئۆلگەنلەرنىڭ ئارقىسىدىن ئۆلسەك بولمايدۇ ـ دە، ئەڭ ياخشىسى ھازىر كېچىلەپ شەھەردىن چىقىپ كەت، تاڭ ئېتىپلا قالسا

تۇخۇملارنىڭ كۆزىدىن قۇتۇلمىقىڭ تەس.

— ياق، نېمىلا بولمىسۇن، ئاتا ـ ئانىنىڭ قەبرىسىگاھىغا بېرىپ يوقلاپ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ قايتىشىم كېرەك، — دېدى ئالىم مەرگەن.

ئۇلار كېچىگىچە گۇڭگۇر ـ مۇڭگۇر پاراڭلىشىپ چىقتى.

— شاھ مەنسۇرغا ئەسكەر بولدۇم دەيسەن، زادى ئۇلاردىن سەن بىلەن بىزگە قانچىلىك پايدا تېگەر؟ — سورىدى بوۋاي بىر ئىشتىن دەرگۇماندا بولۇپ، ئالىم مەرگەن جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

— ئۇلار سوقۇش قىلسا سەن بىلەن ماڭا قانچىلىك پايدا؟ بۇنى ئۇنچىۋالا ئىنچىكە ئويلاپ كەتمىدىم. لېكىن ئۇلارنىڭ تۇخۇملارغا قارشى ئىكەنلىكى ئېنىق، شۇڭا ئۇلارغا قوشۇلۇپ ئاتا ـ ئانامنىڭ قىساسىنى ئالسام، ئاتا ـ ئانامنىڭ روھىنى خۇش قىلسام‌ىلا ھېساب.

ئۇلار ئەتىسى ئەتىگەندە، ئوچاقتا ئوت قالىسا ماخۇسەنىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ تۇرخۇندىن چىقىۋاتقان ئىسىنى كۆرۈپ، ھويلىغا باستۇرۇپ كىرىشىدىن ئەنسىرەپ سوغۇق سۇ بىلەنلا ناشتا قىلدى. ئالىم مەرگەن بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ ئەمدىلا ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، كوچىدا توساتتىنلا پاڭىلداپ ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازى ۋە كىملەرنىڭدۇر قىيا ـ چىيا قىلىشىپ يىغلىغان، نالە ـ پەرياد قىلغان، ئەسكەرلەرنىڭ ئالىتاغىل ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئىش چاتاق بولدى، — دېدى بوۋاي قورققىنىدىن كۆزلىرىنى ئالاق ـ جالاق قىلىپ، — تۇخۇملار يەنە بۇلاڭچىلىققا چىققان ئوخشايدۇ، تېز بول، گەمە ئىچىگە

يوشۇرۇنۇۋال!
بوۋاينىڭ سۆزى تۈگىمەيلا ئەسكەرلەر مىلتىقنىڭ پايىنىكى بىلەن دەرۋازىنى گۇمبۇرلىتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇلار بىر ياقتىن دەرۋازىنى ئۇرۇپ - تېپىپ، بىر ياقتىن ئەسەبىي ئاۋازدا «دەرۋازىنى ئاچ!» دەپ ۋارقىرىشاتتى. قاتتىق تېپىلگەن كونا دەرۋازا سۇنۇپ هويلا ئىچىگە غۇلاپ چۈشتى. تۆت - بەشچە ئەسكەر هويلا ئىچىگە بۆرىدەك ئېتىلىپ كىردى. ھەممىسىنىڭ قولىدا نەيزىلىك مىلتىق، كۆزلىرىدە قانخورلۇق ۋە رەھىمسىزلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.
— ئېيتە! ئالتۇن - كۈمۈشلىرىڭنى نەگە يوشۇردۇڭ؟ — نەيزىسىنى بوۋاينىڭ كۆكرىكىگە تەڭلەپ سورىدى بىر ئەسكەر. قاسىم بوۋاي قورققىنىدىن هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمە قىلارىنى بىلمەي ئۆلۈكتەك قېتىپ قالغانىدى. ئۇ هېلىدىن - هېلىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا گەمە تەرەپكە قاراپ قوياتتى. ئۇ ئەسكەرگە يېلىنغان قىياپەتتە:
— مەن بىر كەمبەغەل، يوقسۇل ئادەم، يوشۇرىدىغان نەدىكى ئالتۇن - كۈمۈشلىرىم بولسۇن؟ — دېدى.
— ئالتۇن زىرە، بىلەزۈك بولسىمۇ بولىدۇ، — دېدى ئەسكەر.
— خۇدا ھەققى، ئۇنداق نەرسىلەر مەندە يوق، — دېدى بوۋاي، ئەسكەرلەر ئۆيگە ئېتىلىپ كىرىپ كېتىشتى. قاچا - قۇچىلارنىڭ جاراڭلاپ چېقىلغان، ساندۇقنىڭ ئۇرۇپ پاچاقلانغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەسكەرلەر خېلىدىن كېيىن بوۋاينىڭ ئۆزۈن يىللاردىن بېرى ساندۇقىدا ئاۋايلاپ ساقلاپ كەلگەن ئەن رەخت، كىيىم - كېچەك…

www.uyghurkitap.com

قىسقىسى، قولىغا ئۇرۇنغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

— ھەممىمىز بىر مۇسۇلمانغۇ — ... دېدى بوۋاي يىغلامسىراپ، — شۇنداق تۇرۇقلۇق بىر ـ بىرىمىزگە نېمىشقا زىيان سالىمىز ... ئۇنداق قىلماڭلار ... ماڭا رەھىم قىلىپ، ھېچبولمىغاندا مېنىڭ ئاخىرەتلىكىمنى بولسىمۇ تاشلاپ قويساڭلار.

بوغچا كۆتۈرۈپ ماڭغان بىر ئەسكەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئارقىسىغا ياندى ۋە بوغچىنى بوۋاينىڭ ئالدىغا تاشلىدى:

— ئەمىسە ئالتۇن جابدۇقلىرىڭ بارمۇ! — دېدى.

— بايا دېدىمغۇ، كەمبەغەل دېگەندە نەدىمۇ ئالتۇن جابدۇق بولسۇن؟ — دېدى بوۋاي. ئەسكەر شۇ ھامان قولىدىكى مىلتىق نەيزىسىنى بوۋاينىڭ قورسىقىغا زەردە بىلەن ئۇردى. بوۋاي سۇپىغا ئوڭدىسىغا يىقىلدى. ئەسكەرنىڭ يەنە بىرى بوۋاينىڭ مەيدىسىگە دەسسەپ تۇرۇپ يۈرىكىگە يەنە بىر نەيزە ئۇردى ـ دە، يەردىكى بوغچىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىشتى. ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئالىم گەمىدىن ئېتىلىپ چىقتى ـ دە، بوۋاينىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ ھۆكرەپ يىغلاشقا باشلىدى. نەيزە سانجىلغان يەردىن بۇلدۇقلاپ قان چىقىۋاتاتتى. بوۋاينىڭ تېخى جېنى چىقمىغان بولسا كېرەك، پۇت ـ قولى تىنىمسىز مىدىرلايتتى. ئالىم شۇ چاغدىلا ئېسىگە كېلىپ، ۋۇجۇدىغا بىردىنلا قورقۇنچ ئولاشتى ـ دە، كوچىغا چىقىپ:

— ئادەم بارمۇ؟ قاسىماخۇن دادامنى ئۆلتۈرۈۋەتتى! — دەپ ۋارقىرىدى. بۇنى ئاڭلاپ قاياقتىندۇر ئۈچ ـ تۆت ئادەم چىقىپ كېلىشتى. ئۇلار ھويلىغا كىرگەندە قاسىماخۇن

ئاللىقاچان جان ئۈزگەندى. ئۇلار بوۋاينىڭ ئېغىكىنى قوشۇپ، پۈتىنى چېتىپ قويدى، يەرگە تۆكۈلگەن قاننى كەتمەن بىلەن قىرىپ بىر يەرگە دۆۋىلەپ ئۈستىگە زەمبىلنى يېپىپ قويۇشتى ۋە ئەتىسى ئەتىگەندە بوۋاينىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ ئاسىم مەرگەننىڭ قېشىغا دەپنە قىلدى.

شەھەر ئىچىدە ئوق - دورىنىڭ سېسىق پۇرىقىدىن باشقا ھېچ نەرسە پۇرىمايتتى. شەھەر ئاسمىنىنى ئەسكەرلەرنىڭ ۋارقىراپ - جارقىراشلىرى، ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازى، ئېتىلىۋاتقان مىلتىقلارنىڭ ئاۋازلىرى تىترىتىپ تۇراتتى. قىسقىسى، شەھەر ئىچى ئادەمسىز خارابىغا، گۆرىستانلىققا ئايلىنىپ قالغاندى.

ئالىم مەرگەن شەھەر ئىچىگە قانداق يەم بىلەن ئۇن - شەپىسىز كىرگەن بولسا، قاسىم ئاخۇننى دەپنە قىلغان كۈن ئاخشىمى شۇنداق يەم بىلەن شەھەردىن چىقىپ كەتتى. ئۇ يېزىدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ قېشىغا بارغاندا ھەممەيلەن ئۇنىڭ ئامانلىقىدىن ۋەھىمە يەپ تۇرغانىكەن، ئۇلار ئالىم مەرگەننى كۆرگەن ھامان شەھەردە بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئالدىراپ سوراشقا باشلىدى:

— خوش، شەھەردە نېمە ئىشلارنى كۆردۈڭ؟ — سورىدى شاھ مەنسۇر ئالىمنى ئالدىغا چاقىرتىپ. ئالىم شەھەردە كۆرگەن - بىلگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. شاھ مەنسۇرنىڭ قاپاقلىرى سىيلىندى. خىيالغىچە خىيال سۈرۈپ جىمىدە ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ماخۇسەننىڭ خوتەندىكى زورلۇق - زومبۇلۇقلىرىدىن قاتتىق غەزەپلىنىۋاتقانلىقى، ئۆزىنىڭ ئاجىز، كۈچسىز ھالىتىنى ئۆزگەرتىشكە ئالدىراۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— خەپ ... ! ھەممە ئىش قورالدا قالدى ـ دە، ئۇھسىندى ئۇ ساقلىنىپ تۇتاملاپ، — شۇ تاپتا قورالىمىز تولۇق بولسىدى، بۇ باسمىچىلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلاتتۇق، قانغا قان، جانغا جان ئالاتتۇق ... !

ئالىمنىڭ ئېسىگە تۇيۇقسىز دادىسى بىلەن ئانىسى گەپ تالىشىپ قالغان ھېلىقى كېچىدىكى دادىسىنىڭ «قورال توشۇدۇق» دېگەن گېپى چۈشتى. توغرا ... شۇ چاغدا دادىسى قوراللارنى خوجاكالان يېزىسىدىكى بارات ئىسىملىك ئورتاقچىنىڭ قورۇسىدىكى ئامبارغا توشۇغانلىقىنى ئېيتقان ... قورال ... مىلتىق دېگىنى شۇمىدۇ؟ قورال دېگەن مىلتىق دېگەن بولامدۇ؟ ئۆز مۇلاھىزىسىگە ئۆزى ئىشەنچ قىلالماي شاھ مەنسۇردىن سورىدى ئالىم مەرگەن.

— شۇنداق ... قورال دەل مەن دەۋاتقان مىلتىقنىڭ ئۆزى. بۇنى سوراپ قالدىڭغۇ بالام؟

ئالىم شۇ كېچە دادىسىنىڭ نېمە دېگەنلىرىنى شاھ مەنسۇرغا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

— ئەگەر ئاتا ـ ئانامنىڭ قىساسىنى ئالىدىغانلا ئىش بولسا، — دېدى ئالىم غەيرەتلىنىپ، — مەن سىلەرنى ئۇدۇل خوجاكالان يېزىسىغا باشلاپ بارىمەن. ئەگەر مۇشۇ ئارىلىقتا بايھاجىنىڭ ئادەملىرى قورال ـ ياراغلارنى يۆتكەپ كەتمىگەنلا بولسا، ئۇ قوراللار ھېلىمۇ ئامباردا بولۇشى مۇمكىن.

شاھ مەنسۇر شۇ كېچىسىلا ئالىم مەرگەنگە ئەللىكتەك ئەسكەرنى قوشۇپ خوجاكالان يېزىسىغا ئاتلىق ماڭدۇردى. كېچىسى توساتتىن كەلگەن بىر توپ ئاتلىقنى ماخۇسەننىڭ

ئەسكەرلىرى بولسا كېرەك، دەپ ئۆي ئىچىدە ئالاقىداپ تىترەپ ئولتۇرغان بارات ئاسىم مەرگەننىڭ ئوغلى ئالىم مەرگەننىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۆيدىن چىقتى ۋە ئالىم مەرگەندىن كېلىش مەقسىتىنى ئۇققاندىن كېيىن يېنىك بىر تىنىق ئېلىپ:

— يائاللا ... ئامبارىدىكى بۇ نەرسىلەر قاچان ماڭا بالا - قازا تېپىپ بېرەركىن، دەپ غەم - تەشۋىش ئىچىدە يۈرگەنىدىم. ھەر نېمە بولسا بۇ نەرسىلەر ھەق جايىنى قارار تاپىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى.

— قۇلۇپنىڭ ئاچقۇچى قېنى، — سورىدى ئالىم مەرگەن.

— ئاچقۇچنى قادىر بەگ ھاجى ئېلىپ كەتكەن. پالتا ئەكېلىپ بېرەي، قۇلۇپنى چاقساڭلارمۇ بولىدىغۇ، — دېدى بارات ۋە ئۆيدىن پالتىنى ئېلىپ چىقتى. ئالىم مەرگەن قۇلۇپنى چاقتى. بارات بىر قولىدا قارا چىراغ تۇتقان ھالدا شوتا ئارقىلىق ئامبارغا چۈشۈپ، ساندۇق ئۈستىدىكى كىگىزلەرنى ئېلىۋەتتى. ئالىم مەرگەن ساندۇقنى پالتا بىلەن قايرىپ ئېچىۋىدى، چىراغ يورۇقىدا يېپيېڭى مىلتىقلار پارقىراپ كۆرۈنۈپ كەتتى. ساندۇقلار ئارقا - ئارقىدىن ئېچىلدى، مىلتىقلارنىڭ ھەممىسى ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن توققۇز تال ئوق يەيدىغان ئىلغار مىلتىقلار بولۇپ، بىر مىڭ بەش يۈز تالدىن ئاشاتتى. ئوق - دورىلار خېلىلا يېتەرلىك ئىدى، ئالىم مەرگەن بۇ مىلتىقلارنى شاھ مەنسۇرنىڭ بارگاھىغا نەچچە كېچە ئاران توشۇپ تۈگەتتى. ئەسلىدە كونا قارا مىلتىق ۋە نەيزە، قىلىچلار بىلەن قوراللانغان شاھ مەنسۇرنىڭ ئەسكەرلىرى بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا ئىلغار

قوراللار بىلەن قوراللاندى. شاھ مەنسۇر شۇنىڭدىن كېيىن ئەسكەرلىرىنى جىددىي تولۇقلاش ۋە رەتكە سېلىش بىلەن بىللە خوتەن شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تۈزۈشكە كىرىشتى. ئۇ تاغدا يوشۇرۇنۇپ ئۆزىدىن خەۋەر كۈتۈپ ياتقان ئىمىن ھەزرەت ۋە ئەمىر ساھىبلارغا ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمىدى. ئۇ قولىدىكى مۇشۇ ئىلغار قوراللار بىلەن قوراللانغان يېتەرلىك ئەسكەرلىرى ئارقىلىق تېزلىكتە خوتەننى قايتۇرۇۋېلىپ، ھاكىمىيەتنى مۇستەقىل ئۆزى سوراشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئۇ پۈتۈن يېزا ـ قىشلاقتىكى دېھقان ۋە چارۋىچىلارغا خوتەن شەھىرىنى باسقۇنچىلارنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ بايرىقى ئاستىغا ئۇيۇشۇپ جەڭگە ئاتلىنىشنى بۇيرۇدى ھەم «ئۆلگەنلەر شېھىت، تىرىك قالغانلار غازى، كىمكى بۇ جەڭدىن ئۆزىنى تارتسا، ئاخىرەتتە دوزىخىي بولۇرلەر» دەپ جاكار قىلدى.

ماخۇسەننىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇقىدىن قورقۇپ شەھەردىن قېچىپ چىققانلار ھەم يېزا ـ قىشلاقتىكى بىلىكىدە مادار بارلىكى كىشىلەر شاھ مەنسۇرنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتى. قورال ـ ياراغ يېتىشمىگەنلەر قىلىچ، پالتا، كالتەك، چوماقلار بىلەن قوراللىنىشتى.

ئوچۇق دالىلاردا يازنىڭ قۇرغاق شامىلى ئۇچۇپ يۈرەتتى. تېرىلماي تاشلىنىپ كەتكەن ئېتىزلارغا قامغاق، قومۇش ۋە خوخا ـ تىكەنلەر بېسىپ كەتكەنىدى، شەھەرنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ بەتتەر ئىدى. ئاشلىقنىڭ باھاسى بۇرۇنقىدىن ھەسسىلەپ قىممەتلىشىپ كەتكەن، ئاشلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ماخۇسەننىڭ باسمىچى ئەسكەرلىرى بۇلاپ ـ تالاپ ئۆز گېزەرمىلىرىگە توپلاپ

بىسمۇالغانلىقى ئۈچۈن شەھەر ئاھالىسىنى ئاچارچىلىق خەۋپى خۇددى قارا بوراندەك يوقاتماقتا ئىدى.

بىر كۈنى شاھ مەنسۇرغا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن تاغدىن مەلۇم ئادەملەرنىڭ كەلگەنلىكى خەۋەر قىلىندى. ئۇلار تاغدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئىمىن ھەزرەت، سىيىت بۇغرا ھەم ئەمىر ساھىبلارنىڭ خىزمەتچىلىرى ئىكەن. شاھ مەنسۇر قارا چىراغ يورۇقىدا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئەۋەتكەن ئۇزۇن بىر پارچە خېتىنى ئوقۇپ چىقتى. خەتتە شاھ مەنسۇرنىڭ يېقىنقى ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقانلىقى، ئۇنىڭدىن تولىمۇ خۇرسەن ئىكەنلىكى، ئەگەر ئۇ خوتەن شەھىرىنى ماخۇسەنىڭ باسمىچى ئەسكەرلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئەسكەر چىقىرىدىغانلا بولسا، ئۆزلىرىنىڭمۇ قولىدىكى ئەسكەرلەرنى پىدائىي قىلىدىغانلىقى ھەم ئىلكىدىكى بارلىق ئالتۇن - كۈمۈش، مال - مۈلۈك ھەم تاغدىكى چارۋىلارنى شاھ مەنسۇرنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرىدىغانلىقى يېزىلغان، خەتنىڭ ئاخىرىغا ئۇلارنىڭ مۆھۈرلىرى ئايرىم - ئايرىم بېسىلغانىدى.

شاھ مەنسۇر خەتنىڭ مەزمۇنىدىن ئۇلارنىڭ غەلىبە مېۋىسىگە ۋە كېيىنكى ھاكىمىيەتكە شېرىك بولۇشنى كۆزلەۋاتقانلىقىنى دەرھال چۈشەندى. مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىسىمۇ بولاتتى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ قورال - ياراغ ۋە ئەسكەرگە ئىگە بولغىنى بىلەن يانچۇقىنىڭ قۇرۇق ئىكەنلىكىنى، ماخۇسەنىڭ ئەسكەرلىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭ تەۋەسىدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن ناھايىتى زور ئىقتىسادىي مەبلەغنىڭ

لازىم بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، ئىمىن ھەزرەت ... قاتارلىقلارغا ئەگەر ئۇلار ئۆز ۋەدىسىگە ئەمەل قىلسىلا تەكلىپىنى ئورۇنداشقا رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ خەت يېزىپ ئەۋەتتى.

شەھەرگە قىلىنىدىغان ھۇجۇم قاتتىق بوران چىققان پەيشەنبە ئۆتەر، جۈمە كىرەر بىر كېچىسىگە توغرىلاندى. ماخۇسەننىڭ شەھەرنىڭ قوۋۇق، دەرۋازىلىرىنى كۆزەت قىلىپ ياتقان ئەسكەرلىرى بوراندىن كۆزىنى ئاچالماي بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭلاردا تۈگۈلۈپ ياتقانلىقتىن، شەھەرگە ئۇشتۇمتۇت يوپۇرۇلۇپ كىرىۋاتقان شاھ مەنسۇرنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ تۇياق ئاۋازىنى تاكى ئۇلار بېشىغا كېلىپ قالغۇچە ئاڭلىيالمىدى. ئۆزىنىڭ تېخى يىگىرمىلەرگە بارمىغىنىغا قارىماي ئەللىكبېشى بولۇپ تەيىنلەنگەن ئالىم مەرگەن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ شەھەرگە بىرىنچى بولۇپ ئېتىلىپ كىردى. باسمىچىلارنىڭ قالايمىقان ئاتقان ئوقلىرىنى، ۋارقىراش ـ جارقىراشلىرىنى يىگىرمە قەدەم نېرىدىنمۇ ئاڭلاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بوراننىڭ گۇركىرىگەن دەھشەتلىك ئاۋازى ماخۇسەننىڭ ئەسكەرلىرىنى تامامەن بىخۇد بىر ھالەتكە كەلتۈرگەنىدى. شاھ مەنسۇرنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇلارنىڭ شەھەردىكى قايسى ـ قايسى جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار قولىدىن كەتكەن شەھەرنى تېزلا ئىشغال قىلدى. ماخۇسەننىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆلگەنلىرى ئۆلدى، ئەسىرگە چۈشكەنلىرى بىردەك قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلدى. ماخۇسەن شاھ مەنسۇر بىلەن ئەتىسى يېرىم كۈن تىركىشىپ ئاخىر ساق قالغان قوشۇنلىرىنى ئېلىپ قەشقەر تەرەپكە قاراپ

چېكىندى، شۇ ئارىلىقتا شاھ مەنسۇر بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى ماخۇسەنىنىڭ ئالدىنى توراش ئۈچۈن زاۋا، پىيالما چۆلىگە ئەۋەتكەنىدى. ئۇلار تېزلىكتە يۈرۈش قىلىپ ماخۇسەنىنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇردى، كەينىدىن شاھ مەنسۇرنىڭ ئەسكەرلىرى قوغلاپ كەلدى، ئۇچۇق چۆلدە ناھايىتى دەھشەتلىك ئۇرۇش بولدى. ماخۇسەنىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بىر قىسمى يەركەنىنىڭ ياغاچ ئايۋان دېگەن يېرى بىلەن مارالۋېشى تەۋەسىگە ئۆتۈپ قۇتۇلدى. قالغان قىسىملىرى ئۇدۇل قەشقەرگە قاراپ چېكىندى. شاھ مەنسۇر يېڭىسارغا كېلىپ شۇ يەردە بارگاھ تىكىپ ياتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۈچىنچى باب

شاھ مەنسۇر يېڭىسارغا كەلگەندىن كېيىن ئالىم مەرگەننى بەش يۈز ئەسكەرگە باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. ئالىم مەرگەن بۇ ئەسكەرلەر بىلەن سېپىل سىرتىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغانىدى. شاھ مەنسۇرغا يېڭىساردا سېتىۋالدىجان دېگەن كىشى باشچىلىقىدا بىر تۈركۈم ئۆزبېك ئەسكەرلەرمۇ كېلىپ قوشۇلدى.

شاھ مەنسۇر يېڭىساردا ئەسكەرلىرىنى دەم ئالدۇرۇپ تەرتىپكە سېلىش، تولۇقلاش ئارقىلىق ئىمىن ھەزرەت ۋە سىيىت بۇغراخان قاتارلىقلار بىلەن بىللە قەشقەرگە قانداق يۈرۈش قىلىشنىڭ پىلانلىرىنى مۇھاكىمە قىلىۋاتقان بىر چاغدا، ماخۇسەننىڭ يېڭىسارغا قوشۇن باشلاپ كېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا جىددىي مەلۇمات كەلدى.

سېپىل دەرۋازىلىرى تاقالدى. ماخۇسەن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كەلگەن ھامان، شەھەر ئىچىگە ئېقىپ كىرىدىغان سۇ مەنبەلىرىنى تامامەن ئېتىۋەتتى ۋە شەھەر ئىچىگە قارىتا شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىدى. ماخۇسەن كېلىشتىن بۇرۇن شاھ مەنسۇر سېپىل خەندەكلىرىگە سۇ توشقۇزۇۋەتكەنىدى. بۇ، ماخۇسەننىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ سېپىلغا ھۇجۇم قىلىشىغا ناھايىتى زور توسالغۇلارنى كەلتۈردى. ئۇرۇش كۈندۈزدىن كۆرە كېچىسى ناھايىتى دەھشەتلىك داۋام قىلاتتى. ئالىم مەرگەن ئەسكەرلىرىنى سېپىل ئۈستىگە ئەپچىللىك بىلەن

ئورۇنلاشتۇرۇپ، ماخۇسەننىڭ خەندەكتىن ئۆتۈۋاتقان، سىپىلغا يامىشىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان ئەسكەرلىرىنى شىددەتلىك ئوققا تۇتماقتا ئىدى.

ئىككى تەرەپتىن ئېتىلىۋاتقان ئوق كېچىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇراتتى. ماخۇسەن قولىدىكى يېنىك قوراللار بىلەن سىپىلنى بۆسۈپ كىرەلمىگەندىن كېيىن، زەمبىرەك قىسمىنى يۆتكەپ كەلدى. ئۇرۇش كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ، يېڭىسار شەھىرى ئوت دېڭىزىغا ئايلانغانىدى.

ماخۇسەننىڭ ئەسكەرلىرى كېچىسى ئۇرۇش قىلىپ، كۈندۈزى سىرتتا بۇلاڭچىلىق قىلىشقا باشلىدى. شۇ سەۋەبتىن شەھەر ئەتراپىدا قىرى - چۆرى، ئاقساق - چولاقتىن باشقا ھەممە ئادەم ئۆي - ماكانىنى تاشلاپ تاغ، سەھرا، جاڭگاللىققا قېچىپ كەتتى.

شاھ مەنسۇرنىڭ ئاساسلىق تايانچ قوشۇنى بولغان ئالىم مەرگەننىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇرۇشتا ئۆلۈپ، ياربدار بولۇپ يۈز نەچچە ئادەملا قالغانىدى.

شەھەر ئىچىدە ئىچىدىغان سۇ، ئوزۇق - تۈلۈك بارغانسېرى كېمىيىپ كېتىۋاتقانلىقتىن، شاھ مەنسۇر قىسىملىرىنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى يامانلىشىشقا باشلىدى. ئەسكەرلەردىن تارتىپ پۇقرالارغىچە دۈشمەننىڭ ئوقىدىن كۆرە ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كېتىۋاتاتتى. مۇشۇ چاغدا شەھەرنىڭ قازىكالان، ئۆلىمالىرى ئىككى تەرەپنى ياراشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ ئېغىر ئاقىۋەتتىن قۇتۇلماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئەمەت قازى قاتارلىق شەھەر ئۆلىمالىرى سىپىل سىرتىغا چىقىپ ماخۇسەن بىلەن كۆرۈشتى. ماخۇسەن ئۇلارنى ياخشى كۈتۈۋالدى. ئۇ

نىمىشقىدۇر سۆھبەتتە شاھ مەنسۇرغا يول قويۇش پوزىتسىيىسىنى تۇتتى. ئۇ ۋەكىللەرگە مۇنداق دېدى:

— ھەر ئىككى تەرەپ مۇسۇلمان تۇرساق ئۇرۇشۇپ يۈرىمىز؟ بىز خوتەنگە بارغاندا شاھ مەنسۇر بىزنى ناھايىتى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى. خەير، بۇنىڭغىمۇ مەيلى، مەن ئۇنىڭ بۇ شەپقەتسىزلىكلىرىدىن ئۇنىڭ قەھرىمان ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. مېنىڭ تەكلىپىم ئىككى تەرەپ بىرلىشىپ شىڭشىسەيگە قارشى تۇرايلى. ئەگەر شاھ مەنسۇر بۇنىڭغا قوشۇلماي، قەشقەرنىڭ بۇ تەرىپىنى ئۆزۈم ئىگىلەيمەن دېسىمۇ مەيلى، بۇنى ئۆزۈڭلار ئويلىشىڭلار.

يۈرت كاتتىلىرى ماخۇسەننىڭ يۇقىرىقى مەزمۇندىكى خېتىنى ئېلىپ شاھ مەنسۇرنى قايىل قىلىش ئۈچۈن سېپىل ئىچىگە كىرىپ كەتتى. مۇشۇ مەزگىل ئىچىدە ھەر ئىككى تەرەپ ئۇرۇش ئوتىنى توختىتىپ تۇردى.

يۈرت كاتتىلىرى ماخۇسەننىڭ خېتىنى شاھ مەنسۇرغا بېرىپ ئۇنىڭ مۇۋاپىق جاۋاب بېرىشىنى كۈتۈپ تۇردى.

— مەن جاۋابنى ئاللىقاچان تەييارلاپ قويغان، — دېدى شاھ مەنسۇر ئىككى پارچە قەغەزگە ئورالغان يۇپيۇمىلاق نەرسىنى ئۇلارغا تۇتقۇزۇپ، — مۇشۇنى ما دارىنغا ئاپىرىپ بەرسەڭلار بولىدۇ.

يۈرت كاتتىلىرى ئۇنى ئېلىپ ماخۇسەننىڭ ئالدىغا يەنە باردى. ماخۇسەن قەغەز بولاقنى ئاچتى ـ دە، جان ئىمانى چىقىپ كەتتى! قەغەز بولاق ئىچىدە قىلىچ بىلەن ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە قىلىپ يېرىلغان ئانار بولۇپ، ئۇنىڭ قىپقىزىل سۈيى ئېقىپ تۇراتتى.

— مانا قارىماسلەر؟ شاھ مەنسۇر مەن بىلەن

ئاخىرغىچە ئۇرۇشماقچى ئىكەن. بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر؟ — دېدى ماخۇسەن ئاخۇنلارغا غەزەپتىن بوغۇلۇپ، ئۇلار ھېچ نەرسە دېيەلمەي يەرگە قارىشىپ تۇراتتى. ماخۇسەن يۇرت كاتتىلىرىغا قايتىشقا رۇخسەت قىلدى ۋە دەرھال قوشۇنلىرىغا شەھەر ئىچىگە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق بەردى. شىددەتلىك جەڭ باشلىنىپ كەتتى. ئىككى تەرەپتىن ئېتىلىۋاتقان ئوق خۇددى قازاندا قوماچ قورۇلغاندەك ۋاراقشىپ تۇراتتى.

ماخۇسەن يەنە پەيزىۋاتتىن ئەسكەر يۆتكەپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. شەھەر سىرتىدا بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق قىلىش ۋە ئادەم ئۆلتۇرۇشنى كۇچەيتتى.

ئىككى تەرەپنىڭ تىركىشىشى خېلى كۇنلەرگە سوزۇلدى. ماخۇسەن ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، سېپىلنىڭ ئۇچىغا يەتكۇدەك قىرىق - ئەللىكچە شوتا ياساتقۇزدى - دە، زەمبىرەك ئارقىلىق ئوت كۇچىنى كۇچەيتىپ، ئۇنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئەسكەرلىرىنى شوتىدىن يامىشىپ چىقىشقا بۇيرۇق بەردى. شاھ مەنسۇرنىڭ ئەسكەرلىرى زەمبىرەك ئوقىدىن مۇداپىئەلىنىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، سېپىل مۇداپىئەسىنى بوشاشتۇرۇپ قويغانلىقتىن، ماخۇسەننىڭ شوتىدىن يامىشىپ چىققان ئەسكەرلىرى سېپىلنىڭ بىر بۆلىكىنى ئوڭۇشلۇق ئىشغال قىلدى. سېپىل ئۇستىدە قانلىق قۇچاقلاشما جەڭ باشلىنىپ كەتتى. ماخۇسەننىڭ ئەسكەرلىرى ئارقا - ئارقىدىن يامىشىپ چىقىۋەرگەنلىكتىن، شاھ مەنسۇرنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇلارنى چېكىندۇرۇشكە ئامالسىز قالدى. ئىككى تەرەپتىن تالاپەت ناھايىتى ئېغىر بولدى، ھەممە جاي جەسەتلەر

www.uyghurkitap.com

دۆۋىسىگە ئايلاندى. شەھەر ئىچىدە زەمبىرەك تىنىمسىز ئېتىلىپ تۇرغانلىقتىن ئۆي ـ ئىمارەتلەر، ساراي ـ دۇكانلار گۇرۇلدەپ كۆيمەكتە ئىدى. تۇشمۇتۇشتا ماخۇسەنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ «ئۇر، چاپ! ئۆلتۈر!» دېگەن ۋەھشىيانە ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىر كۈن داۋام قىلغان قاتتىق جەڭدىن كېيىن شەھەر ماخۇسەنىڭ قولىغا ئۆتتى. مەسچىت پەشتاقلىرىدا، تۇڭگانلارنىڭ «ئەل ئامان!» دەپ توۋلاشقان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. بۇ ئۇلارنىڭ ئۇرۇش ئاياغلاشتى، دېگىنى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن شەھەرنىڭ تىرىك قالغان پۇقرالىرى، ئاخۇن، ئۆلىمالىرى مۆكۈنۈۋالغان جايلىرىدىن كوچىلارغا چىقىشتى. كوچىلار جەسەتلەر بىلەن تولغانىدى. ھەممە ياقتا ئوق ـ دورا، ئىس ـ تۈتەك ۋە قان ھىدى پۇراپ تۇراتتى. ھاۋا ئىسسىق بولۇپ جەسەتلەر سېسىشقا باشلىغانلىقتىن، ماخۇسەن پۈتۈن شەھەر ۋە يېزا، قىشلاقتا ئادەم ئالۋىنى سېلىپ شەھەر سىرتىغا يۇز ـ يۇز ئەللىك مېتىر ئۇزۇنلۇقتا، بىر يېرىم مېتىر چوڭقۇرلۇقتا خەندەك قېزىشقا، بىر قىسىم ئادەملەرنى ھارۋا بىلەن ئۆلۈكلەرنى توشۇپ خەندەككە تاشلاشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشقا يۇرت چوڭلىرى مەسئۇل بولۇپ، ئۆلگەن نەچچە مىڭ ئادەمنى بىر ھەپتىدە توشۇپ تۈگەتتى. مۇشۇ جەرياندا ئۇلار سېيىت بۇغراخان ۋە ئەمىر ساھىبلارنىڭ جەسىتىنى تاپقاندىن باشقا شاھ مەنسۇرنىڭ جەسىتىنى ھېچ يەردىن ئىزدەپ تاپالمىدى.

ئالىم مەرگەن شەھەرنى قوغداش ئۈچۈن دۈشمەن قوشۇنى بىلەن ئاخىرغىچە، قەھرىمانلارچە ئۇرۇشۇپ ھېچ ئامال بولمىغان چاغدىلا، ئەتراپتا تىرىك قالغان يىگىرمە تۆت

نەپەر ئەسكىرى بىلەن شەھەردىن چېكىنىپ چىققانىدى. ئۇلار تېرەكچەك يېزىسىدىكى ئوسمان بەگھاجى دېگەن كىشىنىڭ قورۇسىدا بىر كېچە تاڭنى ئاتقۇزۇپ، ئازراق ماغدۇرغا كېلىۋالغاندىن كېيىن، ئالىم مەرگەن ئەسكەرلىرىنى تاغ ئارىسىغا چېكىندۇرمەكچى بولدى. لېكىن ئەسكەرلەر بىردەك، بىز يۇرتىمىزغا قايتىپ كەتسەك، دەپ تەلەپ قويۇپ تۇرۇۋالدى. ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپى ئالىم مەرگەن ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن زەربە بولدى:

— بوپتۇ، قايتىپ كېتىمەن دېسەڭلار ماڭا نېمە ئىلاج؟ — دېدى ئۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، — ئەمما قولۇڭلاردىكى قورالنى ماڭا تاپشۇرۇپ، ئاتلىرىڭلارغا مىنىپ ئۆز يۇرتۇڭلارغا كېتىڭلار. مەن بۇ قورال بىلەن يەنە ئۇرۇش قىلىمەن، گۇناھسىز ئۆلگەن ئاتا-ئانامنىڭ ۋە پۇقرالارنىڭ قىساسىنى ئالىمەن.

ئالىم مەرگەن يىگىرمە تۆت دانە بەشئاتار مىلتىق، ئىككى ساندۇق ئوق، ئالتە ناگان ۋە ئىككى ئات بىلەن قالدى. ئۇ موللامچە ياسىنىپ بازارغا كىرىپ ئارغامچا ۋە تاغار سېتىۋېلىپ چىقتى-دە، ئۇنىڭغا قوراللارنى قاچىلاپ كېچىلەپ تاغ ئارىسىغا يۈرۈپ كەتتى. ئادەمسىز تاغ قاپتىلى قېلىن ئوت-چۆپ ۋە ياۋا كەندىرلىك بىلەن قاپلانغانىدى. ئۇ ئىككى ئېتىنى تويۇندۇرغاچ، ئوت-چۆپلۈك ئارىسىدا تۆت كۈنگىچە مۆكۈنۈپ ياتتى. ئۇ بىر ئامال قىلىپ قوراللارنى ئەپچىل بىخەتەر جايغا يوشۇرۇپ قويۇشى كېرەك ئىدى. مۇبادا ئۇنى بىرى كۆرۈپ قالسا بالا-قازانىڭ چوڭى تېرىلاتتى. ئالىم مەرگەن قوراللارنى قېلىن چاتقاللىق ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويۇپ ئۆڭكۈر ئىزدەشكە كىرىشتى. ئۇ

www.uyghurkitap.com

تاغ ئارىسىدا كېتىۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت ناتونۇش، ئاتلىق بىر ئادەمگە ئۇچراپ قالدى. ئۇ يەلكىسىگە شىراقلىق قارا مىلتىق ئېسىۋالغان ئوتتۇرا بوي، كەڭ يەلكىلىك ساقال - بۇرۇتى قاملاشقان، يۇمىلاق كۆزلۈك قىرىق ياشلار چامىسىدىكى كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ سىنچى كۆزلىرىدىن تاغلىقلارغا خاس باتۇرلۇق ۋە ھوشيارلىق ئالامىتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— كىمسەن؟ — سورىدى ئۇ ئالىم مەرگەننىڭ چىرايىغا سوئال نەزەرىدە قاراپ.

— ئات باقار بولىمەن.

— بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭ؟

— بۇ ئاتلارنى بېقىپ سەمرىتكىلى.

— نەدىن؟

— يەكەندىن.

— كىمنىڭ ئاتلىرى بۇ؟

— تالىپئاخۇن باينىڭ — ... ئالىم مەرگەن جاۋاب بېرىۋېتىپ يەنە قوشۇپ قويدى، — بەگ بۇ ئاتلارنى ھۆكۈمەتنىڭ ئات سېلىقىدىن قاچۇرۇپ، مېنى مۇشۇ تاغقا بېقىپ تۇرۇشقا چىقارتقان.

— ئىسمىم سۇپۇرگە پالۋان، تونۇشۇپ قويايلى، — دېدى ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ، — ئىككى ئاتنى دەپ مۇنچىلىك قىينىلىپ يۈردۈڭمۇ؟ ئاتلىرىڭنى بىزنىڭكىگە قوشۇۋەت، ئۆزۈڭ بىزنىڭ قوتاندا تۇرساڭ زېرىكىپ قالمايسەن.

— ئۆزىڭىز نەدىن بولىسىز؟ — دېدى ئالىم مەرگەن سۇپۇرگە پالۋان توغرىلىق بىلمەكچى بولۇپ.

— بۇ يەرنى كەندىرلىك ئايبۇلۇڭ دەيدۇ، — دېدى

سۇپۇرگە پالۋان ئۇنىڭ بىلەن يانداش كېتىۋېتىپ، — مەن كىچىكىمدىن تارتىپ مەشەدە ئۆسۈپ چوڭ بولغانمەن، ھەمدەم بەگھاجىنىڭ يىلقىسىنى باقىمەن. ھەمدەم بەگھاجى دەپ ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ يېگىسار بويىچە كاتتا باي، ئىككى ئوغۇل، بىر قىزىم بار. ھەممىمىز شۇ باينىڭ مال - چارۋىلىرىنى باقىمىز. شۇنىڭغا قارىماي تۇرمۇشىمىز قىيىن دېگىنە، شۇڭا بىر ئامال قىلىپ بۇ قارا مىلتىقنى سېتىۋالغان دېگىنە، بۇنىڭ بىلەن ئۇنى - بۇنى ئوۋلايمەن. تېرىلىرىنى بازارغا ئەكىرىپ ساتسام خېلى پۇل ... شۇنىڭ بىلەن كۈنىمىزنى قەدىر - ئەھۋال ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتىمىز دېگىنە.

سۇپۇرگە پالۋان بىر ياقتىن سۆزلىگەچ، ئالىم مەرگەننى ئۆيىگە باشلاپ كەلدى. سۇپۇرگە پالۋاننىڭ ئايالى سانىيخان چىرايىدىن ياۋاش، مۇلايىملىقى چىقىپ تۇرىدىغان ئايال ئىدى. ئۇ ئالىم مەرگەننىڭ ئاستىغا كېيىك تېرىسىنى سالدى. ئالىم مەرگەن كېيىك تېرىسى ئۈستىدە ئولتۇرۇۋېتىپ ھەممەيلەندىن تىنچ - ئامانلىق سورىدى. سانىيخان ئوتتۇرىغا داستىخان سېلىپ بىر لېگەن كېيىك گۆشى ئېلىپ كەلدى. ئالىم مەرگەن خۇرجۇندىن قېتىپ كەتكەن بىر نەچچە گىردىنى داستىخان ئۈستىگە قويۇپ:

— ھەر قايسىلىرىغا ئېلىپ كەلگەن باشقا نەرسەم يوق ئىكەن، قاتتىق بولسىمۇ بازارنىڭ نېنىنى تېتىپ بېقىشسىلا، — دېدى.

سۇپۇرگە پالۋان بىلەن ئالىم مەرگەن ئۇ يەر - بۇ يەردىن پاراڭلاشقاچ كېيىك گۆشىدىن ھوزۇرلىنىپ يېيىشمەكتە ئىدى. سۇپۇرگە پالۋان تاماقتىن كېيىن ئالىم

www.uyghurkitap.com

مەرگەنگە:

— ئەمدى يايلاقلارنىمۇ كۆرۈۋالدىڭ، بۇ يەردە سېنىڭدىن باشقا سېنى يەكلەيدىغان ئادەم يوق. ئاتلىرىڭنى خاتىرجەم بېقىۋەر، — دېدى.

ئالىم مەرگەننىڭ ئەس - يادى چاتقاللىق ئارىسىدىكى ھېلىقى قوراللاردا ئىدى. ئۇنى كىچىكتۇرمەي ئىشەنچلىك، بىخەتەر جايغا يوشۇرۇپ قويۇش كېرەك. ئۇ سوپۇرگە پالۋاننىڭ سۆزىدىن، قوراللارنى يوشۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ئاشۇنداق بىر جاي ئىزدەپ تېپىشقا پۇرسەت يارىغانلىقىنى بايقىدى - دە، دۇئادىن كېيىن «ئاتلىرىمنىڭ قېشىغا بېرىپ كېلەي» دەپ تاغ قاپتىلى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. كۆككە تاقاشقان ئېگىز تاغلار ئاقۇش تۇمان ئارىسىدا قارىيىپ كۆرۈنەتتى. يانباغىرلاردىكى قورام تاشلار ئارىسىدا ئىرغاي ۋە تىۋىلغىلار كۆكىرىپ تۇراتتى.

ئالىم مەرگەن كېتىۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت ئۈستىدىن ئۇششاق شېغىل تاشلارنىڭ دومىلاپ چۈشكەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ بىر پارچە قورام تاش ئاستىدىن بىر چىشى بۆرىنىڭ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. دەسلەپتە ئالىم مەرگەننىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى. بۆرە ئۇزاقلاپ كەتكەندىن كېيىن قورام تاش يېنىغا باردى - دە، خۇشاللىقتىن يۈرىكى ئويناپ كەتتى. قورام تاش ئاستىدا ئادەم پاتقۇدەك بىر ئۆڭكۈر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئالىم مەرگەن ئۆڭكۈر ئىچىگە ئۆمىلەپ ئەڭ ئىچىگىچە بېرىپ باقتى. قاراڭغۇ ئۆڭكۈر ئىچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون نەچچە مېتىرچە كېلەتتى. «بۇ قوراللارنى يوشۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى جاي» دەپ ئويلىدى

ئالىم مەرگەن خوشال بولۇپ.

ئۇ ئالدىراپ ئاتلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. قېلىن چاتقاللىقتا ئۆسكەن كەندىرلىك ئارىسىدا پۇتى بوغۇچلانغان ئىككى ئات بەخىرامان ئوتلاپ يۈرەتتى.

ئالىم مەرگەن ئوت ـ چۆپ ئۈستىدە ئوڭدىسىغا ياتقان هالدا بۈگۈنكى كېچىنىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن خىياللار، ئارزۇ ـ ئارمانلار ئىچىدە ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇغا كەتتى. كەچتە ئەتراپ سوۋۇپ، سوغۇق نەمخۇش شامال ئالىم مەرگەننىڭ يۈزلىرىگە ئۇرۇلغان چاغدىلا ئۇ ئەندىكىپ بېشىنى كۆتۈردى.

تۈن پەردىسى تاغ باغرىغا ئاستا ـ ئاستا يېيىلىپ بارماقتا ئىدى. سۇپۇرگە پالۋاننىڭ قوتىنى تەرەپتىن ئىتلارنىڭ ئۈزۈك ـ ئۈزۈك هاۋشىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ئەتراپ قاپقاراڭغۇلۇققا چۆمۈپ يۇلتۇزلار تىنىق ئاسماندا جىمىرلاۋاتقان چاغدا ئالىم مەرگەن قورال ـ ياراغلارنى چاتقاللىق ئارىسىدىن تارتىپ ئېلىپ ئىككى ئاتقا ئارتىشقا باشلىدى ۋە ئۆڭكۈر تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

كېچە ئۇيقۇسىغا چۆمگەن تاغ قاپتىلىنى ئاتلارنىڭ يېنىك پۇشقۇرۇشلىرى ۋە ئات تۇيىقىغا تەگكەن شېغىل تاشلارنىڭ جاراق ـ جۇرۇق قىلغان ئاۋازلىرىلا بۇزۇپ تۇراتتى. ئالىم مەرگەن ئاتلارنى ئېهتىيات ۋە پەخەسلىك بىلەن يېتىلەپ كېتىۋېتىپ، كۈندۈزى نىشانلاپ قويغان هېلىقى تاغ ئۆڭكۈرىگە هايال بولمايلا يېتىپ باردى. ئۇ ئەتراپنى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتىپ هېچقانداق غەيرى ئاۋازنى ئاڭلىمىغاندىن كېيىنلا، كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ

قوراللارنى ئاتتىن چۈشۈردى ـ دە، تاغارلارنى بىر ـ بىرلەپ سۆرەپ ئۆڭكۈرنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىگە ئورۇۋلاشتۇرۇپ، ئۆڭكۈر ئاغزىنى يوغان قورام تاشلار بىلەن ئېتىشكە باشلىدى ...

ئۇ ئاتلىرىنى يېتىلەپ سۇپۇرگە پالۋاننىڭ قوتىنىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار ئاللىقاچان ئۇخلاپ قېلىشقانىدى. سۇپۇرگە پالۋان ئېتىلارنىڭ غەزەپلىك ھاۋشىغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغاندى ۋە مىلتىقىنى كۆتۈرۈپ تالاغا چىقتى.

— قايسىڭ بۇ؟! — ۋارقىرىدى ئۇ ئەندىشىلىك، گۇمانلىق ئاۋازدا.

— مەن ... ئالىم ... جاۋاب بەردى ئالىم مەرگەن.

— شۇ چاققىچە نەلەردە يۈردۈڭ مەرگەن؟

— ئاتنىڭ بىرى تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كېتىپتىكەن. تۇتۇپ كەلگۈچە ئۆلۈمىمنى كۆرسەتتى كاساپەت.

— تاغ ئارقىسى قىرغىزلارنىڭ ... ئۇلار كاشىلا قىلمىغاندۇ؟

— ياق.

ئالىم مەرگەن سۇپۇرگە پالۋاننىڭ ئارقىسىدىن ئۆيگە كىرىپ، ئۇنىڭ يېنىدا يېشىنىپ ياتتى. سۇپۇرگە پالۋان بىر چاغدا ئۇيقۇلۇق، خىرىلدىغان ئاۋازدا:

— ئاتلىرىڭ خېلى سەمىرىپ قالدى، كۆزمۇ كېلىۋاتىدۇ. قايتىشىڭ قاچان؟ — دەپ سورىدى.

— قايتمايمىكىن دەيمەن — ... دېدى ئالىم مەرگەن.

— نېمىشقا؟

— بەگ مېنىڭ بەش يىللىق چاكارلىق ھەققىمنى بەرمىدى. تەلەپ قىلسام نېمە ئالدىرايسەن؟ كېينچە بىراقلا

ھېسابلاپ ئالماسەن، دەيدۇ. مېنىڭچە تالىپئاخۇن باينىڭ نىيىتى باشقا. ئۇ كېيىنچە بىرەر باھانە ـ سەۋەب بىلەن مېنى قوپقۇرۇقلا ئۆيدىن قوغلاپ چىقارماقچى. شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇپ بۇ ئىككى ئاتنى بەش يىللىق چاكارلىق ھەققىمگە تۇتۇپ قالالايمىكىن دەيمەن.

— ھىم — ... بۇمۇ بولىدىغان گەپكەن، — دېدى سۇپۈرگە پالۋان، — بىراق كېيىن ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ ئاتلىرىنى ئېلىپ كەتسە قانداق قىلىسەن؟

— ئۇنداق بولسا ئاتنى شەھەرگە ئەكىرىپ سېتىۋېتەيلى. ئورنىغا بىر ئېشەك ئېلىپ قويۇپ، قالغان پۇلنى مۇشۇ ئۆيگە خىراجەت قىلايلى، — دېدى ئالىم مەرگەن.

ئىككىيلەن ئۇزاق تالاش ـ تارتىشتىن كېيىن، ئاتنى ساتىدىغان بولدى.

بىر كۈنى سۇپۈرگە پالۋان ئاتنى بازارغا ئېلىپ كەتتى ـ دە، كىملەرگىدۇر سېتىپ، بىر ئېشەكنى مىنىپ چىقتى.

ئالىم مەرگەن سۇپۈرگە پالۋاننىڭ ئۆيگە خۇددى ئۆز ئۆيىدەك سىڭىشىپ كەتتى. سېنىڭ ـ مېنىڭ دېيىشمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تۆتىنچى باب

ماي ئايلىرى، تاغ گۈللىرى ھۇپپىدە ئېچىلىپ، يايلاق ياپيېشىل ئوت ـ چۆپ بىلەن تولغان چاغ، بۇ مەزگىلدە يۇرت ـ يۇرتلاردىكى چارۋا ـ ماللار يايلاققا كۆچۈرۈلۈشكە باشلايتتى.

يەكەن تەۋەسىدىكى چارۋا ـ ماللار يايلاققا كۆچۈرۈلۈشتىن بۇرۇن، يەكەن ھاكىمى كاچۇك رايونىنىڭ قوشراپ يېزىسىدىكى يايلاق ئېغىزىغا بوجاڭ، خاڭتولارنى يايلاققا ماڭىدىغان ماللاردىن باج ۋە يايلاق ھەققى ئېلىشقا ئەۋەتتى. بۇ يەر چارۋا ـ ماللارنىڭ يايلاققا كىرىش دەرۋازىسىغا ئوخشاش ئەڭ مۇھىم يول ئېغىزى بولۇپ، يايلاققا بۇنىڭدىن باشقا ماڭىدىغان يولمۇ يوق ئىدى. بوجاڭ، خاڭتولار ماللار يايلاققا مېڭىشتىن ئون كۈن بۇرۇن، بۇ يەرگە كېلىپ ئەتراپتىكى دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى بىكارلىتىپ، كېلىدىغان مال ـ چارۋىلارنى كۈتۈپ يېتىشماقتا ئىدى.

بىر كۈنى چۈش مەزگىلى بىلەن تەڭ ئاياغ تەرەپتىن توپا ـ چاڭ توزۇتۇپ بىر توپ مال يېتىپ كەلدى.

— بېگىم! ئەنە مال كەلدى، مالنىڭ ئالدى كەلدى! — ئالدىراپ خەۋەر قىلدى خاڭتولارنىڭ بىرى تېرەك سايىسى ئاستىدىكى كىگىزدە يانپاشلىنىپ ياتقان مۇھەممەت توختى بەگكە. مۇھەممەت توختى بەگ، باج

جىسالىرى ۋە بوجاڭ ـ خاڭتولار چۇۋۇلۇپ يول ئېغىزىغا چىقىشتى.

مۇھەممەت توختى بەگ يېنىدىكى ئىككى بوجاڭغا:

— تېز بولۇڭلار، دەرھال بېرىپ كېلىۋاتقان مالنىڭ ئالدىنى توساڭلار، مەن ئارقاڭلاردىن يېتىپ بارىمەن، — دېدى. ئىككى بوجاڭ مال كېلىۋاتقان تەرەپكە يۇگۇرۇپ كېتىشتى.

— ھەي ... مالنى توختات! جىلغا تەرەپكە ھەيدە! — دەپ ۋارقىرىدى سادىق بوجاڭ ئىسمىلىك بىرى. شۇ ئەسنادا تۇردى ئىسمىلىك قېرى پادىچى سادىق بوجاڭنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— نېمە ئىش بولدى؟ ئالدىمىزنى نېمىشقا توسىسىلەر؟ — سورىدى ئۇ خاپا بولۇپ. غاپپار ئىسمىلىك يەنە بىر بوجاڭ ئۇنىڭ ئالدىغا قامچا دېۋەيلەپ كەلدى:

— نېمىشقا توساتتۇق؟ باج، يايلاق ھەققى ئالىمىز شۇ، — دېدى ئۇ گورەن تومۇرلىرىنى كۆپتۇرۇپ. ئۇ سۆزىنى تۇگەتمەيلا سادىق بوجاڭ قويلارنى قامچا بىلەن ئۇرۇپ جىلغا تەرەپكە ھەيدەشكە باشلىدى. ئەمما ماللار جىلغا تەرەپكە ماڭماي يايلاق تەرەپكە قاراپ قېچىشقا باشلىدى. سادىق بوجاڭ بىلەن غاپپار بوجاڭ ماللارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، باش ـ كۆزىگە غەزەپ بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. ماللار نائىلاج جىلغا تەرەپكە بۇرۇلدى، تۇردى مالچى ئۇلارنىڭ قامچىسىغا ئېسىلىپ:

— ئىنساپ قىلسىلا، ئىنساپ! بىزگە يۇرتتا ئاراملىق يوق ياكى بۇ يەردە، بىز بىچارىلەرنى خالىغانچە بوزەك قىلىۋېرەمسىلەر؟ — دېدى. شۇ ئارىدا مۇھەممەت توختى

www.uyghurkitap.com

بەگ يالاقچىلىرىنى باشلاپ يېتىپ كەلدى.

— مالچىلارنىڭ بېشى قايسىڭ؟ — ۋارقىرىدى ئۇ ئەمەلدارلارغا خاس كۆرەڭلىك بىلەن قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ.

— مەن بېگىم — ... دېدى تۇردى مالچى ئالدىغا چىقىپ قول باغلاپ.

— مىلىگىنىڭ ھەممىسى نەچچە تۇياق؟

— تۆت يۈز ... بۇلار جەمئىي سەككىز ئادەمنىڭ ... مالىنىڭ ئىگىلىرىمۇ مۇشۇ يەردە.

— مالنى يايلاققا ھەيدەشنىڭ ئالدىدا پاسار دوتەينىڭ پۈتۈن يەكەن ۋىلايىتىگە چىقارغان يارلىقىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟

— يوقسۇ، ئاڭلىماپتىكەنمەن بېگىم — ... تۇردى مالچى بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— باشقا پۇقرالار ئاڭلاپتۇ يۇ، سەن نېمىشقا ئاڭلىمىدىڭ؟ ئەمىسە ئاڭلىمىغان بولساڭ ئاڭلاپ قوي، يەكەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى پاسار بەگ پۈتۈن يەكەن ۋىلايىتىگە شۇنى جاكارلىغانكى، دۆلەتنىڭ خىراجىتى، ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن، يايلاققا ئېلىپ مېڭىلغان چارۋا ـماللاردىن بىردەك تۇياق بېجى، يايلاق بېجى ۋە بەگ ھەققى ئېلىنىدۇ، يەكەن تەۋەسىدىكى باجغا مۇھەممەت توختى بەگ مەسئۇل بولىدۇ. يارلىقتا مانا شۇنداق دېيىلگەن. شۇڭا پېقىر ساڭا ئوخشاش ئوغرىلارنى بۇ يەردە توساپ ياتقىلى ئۇن كۈن بولدى، ئەمدى ئۇققانسەن؟

— بېگىم، بىز مېڭىش ئالدىدا كېلىشلىك باجنىڭ ھەممىسىنى تۆلىۋەتكەن. ئىشەنمىسىلە، مانا باج تۆلىگەن

قەغەزلىرىمىز، — دېدى تۇردى مالچى.

— مەھەللىدە تۆلىگەن بېجىڭ بىلەن مېنىڭ كارىم يوق، — ۋارقىرىدى مۇھەممەت توختى بەگ، — يارلىق بويىچە باجنى ئۆز قولۇم بىلەن ئالغىنىم ھېساب.

ئۇ شۇنداق دەپلا ئەتراپىتىكى بوجاڭ، خاڭتولارغا بۇيرۇق قىلدى. ئۇلار ماللارغا بۆرىدەك ئېتىلىپ كېلىپ ئۇلارنى بىر - بىرلەپ ساناشقا باشلىدى:

— بەش يۈز...

مۇھەممەت توختى بەگ بۇنى ئاڭلاپ، تۇردى مالچىنىڭ ئالدىغا قوش تىغلىق قامچىسىنى دېۋەيلەپ كەلدى.

— سەن يالغانچى خوتۇنى تالاق، بايا قاراپ تۇرۇپ تۆت يۈز دەيسىنا؟

— بېگىم، بۇ مالنىڭ بەش يۈز تۇياقلىقىمۇ راست، لېكىن يۈزدىن ئارتۇق مال كەمبەغەللەرنىڭ قوشما ماللىرى... ئۇلارنىڭمۇ باج قەغەزلىرى بار.

— تولا ۋالاقلىما...! ھەممىسىگە قايتىدىن باج تۆلەيسەن!

— بېگىم، بىزگە ئۇۋال قىلمىسىلا، ئىنساپ قىلسىلا!

— ئىنساپ؟ نېمىگە ئىنساپ؟ سېنىڭ باج ئوغرىلىغىنىڭغىمۇ؟ يوقال! — مۇھەممەت توختى بەگ قولىدىكى قامچا بىلەن تۇردى مالچىنىڭ باش - كۆزىگە تاراسلىتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى. قورايدەك ئارانلا تۇرغان بوۋاي ئالدىغا دۈم يىقىلىپ، ئالدىدىكى قورام تاشقا ئاغزى تېگىپ، تۆۋەنكى كالپۇكى يېرىلىپ كەتتى ۋە ئاغزىدىن، بېشىنىڭ قامچا يېرىۋەتكەن جايلىرىدىن قان ئېقىشقا باشلىدى. بوۋاينىڭ ھەسەن ۋە توقسۇن ئىسىملىك

www.uyghurkitap.com

كېلىشكەن، قاۋۇل ئىككى ئوغلى بار ئىدى. ھەسەن ئېتىلىپ بېرىپ بەگنىڭ قولىدىن قامچىنى تارتىۋالدى، توقسۇن يەردىن يوغان بىر تال تاشنى ئېلىپ بەگكە ئاتماقچى بولۇپ تۇراتتى. ئۇنى ھەسەن توسۇۋالدى. شۇ چاغدا باشقا ياردەمچى مالچىلار تۇردى بوۋاينى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇشتى.

— نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر؟! — ۋارقىرىدى مۇھەممەت توختى بەگ ئەتراپىدىكى بوجاڭ خاڭتولارغا، — يۈز قويدىن ئون قوي، بەش يۈز قويدىن ئەللىك قوي ئايرىڭلار!

بوجاڭ، خاڭتولار قويلارغا قاراپ ئېتىلدى. ھەسەن بىلەن توقسۇن ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن يۈگۈرۈشتى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئىككى تەرەپ مۇشتلىشىپ، يۇملاقلىشىپ كەتتى. ھەسەن باي بەگنىڭ قولىدىن يۇلۇۋالغان قامچا بىلەن بەگكە قاملاشتۇرۇپ بىر نەچچە قامچا سالدى. ئۇنىڭغىچە سادىق بوجاڭ بىلەن غاپپار بوجاڭ ھەسەننى تۇتۇپ باغلىۋالدى ۋە ئۇنى قامچا، كالتەكلەر بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. ھەسەن ھوشىدىن كەتتى. تۇردى مالچى ئۆمىلەپ كېلىپ ئوغلىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ يېتىۋالدى. ئەتراپتا «ئۇر — يىقىت!» دەپ ۋارقىراشقان، جارقىراشقان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. يولدا ئۇياقتىن — بۇياققا كېتىۋاتقان يولۇچىلار كۆپىيىشكە باشلىدى. دەل شۇ چاغدا سۇپۇرگە پالۋان بىلەن ئالىم مەرگەن شەھەردىن ئىككى ئېشەككە پاختا ئارتىپ چىقىپ قالدى. ئۇلار بۇ يەردە بولۇۋاتقان دەھشەتلىك، قانلىق ماجىرادىن دەسلەپتە ھەيران قالدى. سۇپۇرگە پالۋان مۇھەممەت توختى بەگنى كۆرگەندىن كېيىنلا ئىشنىڭ تەكتىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئۇ

بۇ زالىم بەگنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. بەگ كەندىرلىككە نەچچە قېتىم چىقىپ، مالچىلارنى زار - زار قاقشىتىپ كەتكەن ...
سۇپۇرگە پالۋان ئالدىدىكى بۇ مەنزىرىدىن غەزىپى ئۆرلەپ، ئۇنىڭغا ئارىلىشىش - ئارىلاشماسلىقنى بىلەلمەي، يانچۇقىدىن غاڭزىسىنى ئېلىپ ئەمدىلا تاماكا چېكىپ تۇرۇۋىدى، ھەسەن بوجاڭ ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كەلدى:
— ھەي ... ئۇيالمايدىغان نائەھلى بەڭگە! ئالدىڭدا بەگ داداڭ تۇرسا، بىھۆرمەتلىك قىلىپ تاماكا چېكىشكە قانداق پېتىندىڭ؟! — ۋارقىرىدى ئۇ تۇكۇرۇكىنى چاچرىتىپ.
سۇپۇرگە پالۋان تاماكا ئىسىنى پۇۋلىۋېتىپ:
— مەن چەكسەم ئۆزۈمنىڭ ھالال پۇلىغا ئالغان تاماكامنى چەكتىم. سەنلەرگە ئوخشاش خەقلەرنى بۇلىغىنىم يوق. بەگدىن ئېمىشقا ھايا قىلاتتىم؟ — دېدى.
— تىلىڭنى تارت! — ھەسەن بوجاڭ ئۇنى قامچا بىلەن بىرنى سالدى.
خېلىدىن بېرى ئۆزىنى تەستە بېسىپ تۇرغان ئالىم مەرگەن ھەسەن بوجاڭنى بىر مۇشت بىلەن تىك موللاق چۇشۇردى. شۇنىڭ بىلەن جېدەل - ماجىرا تېخىمۇ كېڭىيىپ، ئۇر - يىقىت باشلىنىپ كەتتى. كۇتۇلمىگەندە، ئىشنىڭ يامان تەرەپكە ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مۇھەممەت توختى بەگ ئورنىدا تىپىرلاپ، ئەتراپىدىكىلەرگە ئۆزرە ئېيتقىلى تۇردى:
— بولدى قىلىڭلار ... ئۇرۇشماڭلار جامائەت ... ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ، تۇردى مالچى مالنىڭ بېجىنى تۆلىگەن بولسا شۇ ھېساب، ئايرىغان ئەللىك قوينىنى قايتۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

بېرەيلى، — دېدى ئۇ ساختا ھىجىيىپ.

ماجىرا بىردەمدىلا بېسىلدى. مالچىلار قويلىرىنى ھەيدەپ مېڭىشقا باشلىدى. ئەمما تۇردى مالچىنى تاياق زەربىسىدىن ھالسىزلىنىپ كەتكەچكە ماڭالمىدى. سوپورگە پالۋان بۇنىڭغىمۇ ئامال تاپتى. تۇردى مالچىنى ئېشەكنىڭ ئۈستىدىكى ئىككى تاغار ياختىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئولتۇرغۇزدى - دە، مالچىلار بىلەن بىللە ئايىغلىق يايلىقىغا يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار كەندىرلىككە يېتىپ كەلگەندە، كۈن تاغ ئارقىسىغا ئولتۇرۇشقا باشلىغانىدى. تاغ تەرەپتىن ۋىژىلداپ سوغۇق شامال ئۇرۇپ تۇراتتى. سوپورگە پالۋاننىڭ ئىتلىرى يىراقتىنلا شەپە سېزىپ قاۋاشقا باشلىدى. تۇردى مالچىنىڭ ياردەمچى مالچىلىرى ماللىرىنى تاغ قاپتىلىدا يايلىتىپ ئېلىپ قالدى. سوپورگە پالۋان تۇردى مالچىنى ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بىلەن قوشۇپ ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى.

سانىيخان مېھمانلارغا ئالدىراپ چاي تەييارلىدى، ئۇلار چايدىن كېيىن تۇردى مالچىنى يۇمشاق كۆرپە ئۈستىگە ئاۋايلاپ ياتقۇزۇپ قويدى. ئارىدا بىر نەچچە كۈن ئۆتتى. تۇردى مالچىنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى ياخشىلانماقتا ئىدى. باشقىلار چارۋىلارنى بېقىش - ئورۇنلاشتۇرۇشقا چىقىپ كەتكەن، يالغۇز سانىيخانلا كىچىك قىزى بىلەن بىللە تۇردى مالچىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇنىڭغا ئېرى تېپىپ ئەكەلگەن ئوت - چۆپ دورىلىرىنى قاينىتىپ ئىچكۈزۈش، ئاش - تاماق ئېتىپ بېرىش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

بىر كۈنى كەچتە مالچىلارنىڭ ھەممىسى سوپورگە

پالۋاننىڭ ئۆيىدە دۇتار چېلىشىپ، جەڭنامە، ھېكايىلەرنى ئېيتىشىپ، كۆڭۈل ئېچىشىپ ئولتۇراتتى، ئۆيگە سۇپۇرگە پالۋانغا ناتونۇش بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. ئۇ تۇردى مالچىنىڭ تونۇشلىرىنىڭ بىرى ئىكەن. ئۇ مۇھىم بىر خەۋەرنى تۇردى مالچىغا ئېيتىش ئۈچۈن كەلگەنىكەن.

— نېمە ئىش؟ سۆزلەۋەر — ... دېدى تۇردى مالچى.

— ئىش چاتاق، — دېدى ئۇ ئالدىدىكى چايدىن بىر ئوتلام ئىچىۋېتىپ، — ئۆتكەندە مۇھەممەت توختى بەگ بىلەن نېرى - بېرى دېيىشىپ قاپتىكەنسىلەر ئەمەسمۇ ...

— نېرى - بېرى دېيىشمىدۇق، كېلىشتۈرۈپ ئەدىپىنى بەردۇق، — ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى سۇپۇرگە پالۋان.

— مۇھەممەت توختى بەگ ئۇ ئاچچىقىدا پاسار بەگكە ئەرز قىلغانىكەن، پاسار بەگ ھەممىڭلارنى تۇتۇپ يامۇلغا ئەكېلىپ سولاشقا، ھەممە مال - چارۋىلارنى ھۆكۈمەت ھېسابىغا ئۆتكۈزۈۋېلىشقا پەرمان چۈشۈرگەنمىش، مەھەممەت توختى بەگ قوراللىق ئەسكەرلەرنى باشلاپ بۇ يەرگە كېلىشكە تەييارلىنىۋاتقانمىش.

— بۇنى كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟ — ھوشيارلىنىپ سورىدى تۇردى مالچى.

— مۇھەممەت توختى بەگنىڭ ئوغلىدىن ... ئۇ مېنىڭ بالام بىلەن بىر مەدرىسىنىڭ تالىپلىرى ئەمەسمۇ ... قۇلىقىغا كۇسۇرلاپ قويۇپتۇ. سىلەرگە يەتكۈزمەي - ئۆتتۈزدەك مېلىمنى قوشۇپ بېرىپتىكەنمەن، شۇنىڭ غېمىدە چىقتىم - دە، بۇ يەرگە ... دەرھال ھەرىكەتلەنمىسەڭلار بولمايدۇ.

بۇنى ئاڭلاپ سۇپۇرگە پالۋان بىر پەس خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ مۇھەممەت توختى بەگنى ياخشى بىلىدۇ.

بەگ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خىلمۇ خىل باھانە سەۋەبلەرنى دەستەك قىلىپ، ئايبۇلۇڭ يايلىقىنى نەچچە قېتىم بۇلاپ تالىغان، ئۇ چاغلاردا ئۇ ئۆزىنىڭ بوجاڭ، خاڭتولىرىغا، باجگىر، جىسالىرىغا تايىنىپ زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغانىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ پاسار بەگنىڭ ئەسكەر - چېرىكلىرىنى باشلاپ چىقسا ... دېمەك، ئۇ چوڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشتىن باشقا، بىگۇناھ مالچىلارنىڭ قېنىنى تۆكىدۇ دېگەن گەپ. تۇردى مالچى، ھەسەن، توقسۇن ئۇنىڭغا ئۈمىد بىلەن قاراشتى. ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرىدە تەشۋىش ...

— ئەمىسە سىڭىلچە قانداق قىلساق بولار؟ بىر ئەقىل كۆرسەتكىنە، — دېدى تۇردى مالچى كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ. سۇپۇرگە پالۋان خۇددى ئېغىر ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بىر قىياپەتتە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپتىكىلەرگە قارىدى:

— ئەسكەر دېگەننىڭ مىلتىقى بولىدۇ، مىلتىققا پەقەت مىلتىق بىلەنلا تاقابىل تۇرۇش مۇمكىن، ئەمما بىزنىڭ قولىمىزدىكى بىر نەچچە تال شىراق مىلتىق بىلەن نېمە ئىش قىلىش مۇمكىن؟ مېنىڭچە بىز ئەڭ ياخشىسى، مال - چارۋىلىرىمىزنى ھەيدەپ تاغ ئارىسىغا چېكىنەيلى. بىز بىر نەچچە مۇھىم تاغ ئېغىزلىرىنى قامال قىلىپ ئەسكەر - چېرىكلەر كەلگەن ھامان ئۇلارنى تاش بوران قىلىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ مىلتىقىغا تەڭ كېلەلەيمىز.

— تاغ ئارىسىدا كۈتۈلمىگەندە بوران - چاپقۇنغا دۇچ كېلىپ قالساقچۇ؟ — دېدى تۇردى مالچى ئارىسالدى بولۇپ.

— خۇدا بىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلار، ئەمما بىزگە ھايات

قىلىشىمىز ئۇچۇن بۇنىڭدىن باشقا يول يوق، — دېدى سۇپۇرگە پالۋان ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ. بۇ گەپنى بىر چەتتە جىمجىت ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئالىم مەرگەننىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. ئۇ تاغ ئۆڭكۈرىگە يوشۇرۇپ قويغان قورال - ياراغ، ئوق - دورىلارنى بۇلارغا ھازىرلا تارقىتىپ بەرگۈسى كېلىپ كەتتى. ئۇ چاغدا پاسار بەگنىڭ ئەسكەر - چېرىكلىرىگە مۇشۇ ئايبۇلۇڭدىلا تاقابىل تۇرغىلى بولاتتى. ئۇ چاغدا بۇلار تاغ ئارىسىغا چېكىنىمىز دەپمۇ ئاۋارە بولمايتتى. سۇپۇرگە پالۋانغۇ ناھايىتى ئىشەنچلىك، بىراق قالغانلارچۇ؟ ئۇلار ھەر يەر - ھەر يەردىن كەلگەن، بۇ مۇھىم قورال - ياراغلارنى ئۇلارغا ئىشىنىپ تارقاتقىلى بولارمۇ؟ ياق. ھازىرچە ئالدىراقسانلىق قىلماسلىق كېرەك ... دەپ ئويلىدى ئۇ.

سۇپۇرگە پالۋاننىڭ قارارى بىلەن تەك ئايبۇلۇڭ يايلىقىدىكى مالچىلارنىڭ ھەممىسى تېزلا ھەرىكەتكە كەلدى. بىر قىسىم مالچىلار ماللىرىنى تاغ ئارىسىغا ھەيدەپ ئالدىن يۈرۈپ كەتتى. يەنە بىر قىسىملىرى يوتقان، كىگىز، ئوزۇق - تۈلۈكلىرىنى ئات، كالىلارغا ئارتىشقا باشلىدى ...

دېگەندەك، ئەتىسى چۈشكە يېقىن مۇھەممەت توختى بەگ يىگىرمە نەچچە قوراللىق ئەسكەرلەرنى باشلاپ ئايبۇلۇڭ يايلىقىغا ئاتلىق باستۇرۇپ كەلدى.

ئۇلار شۇنچىلىك ھەيۋەت بىلەن كەلگىنىگە يارىشا يايلاقتىكى جىمجىت مەنزىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. پايانسىز كەتكەن ياپيېشىل يايلاقتا نە قوي، نە ئات - كالا،

نە ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. مالچىلار پىتىپ قويغان ئۆي ـ چېدىر ۋە گەمىلەر ئاللىقاچان قۇرۇتىلىپ قالغانىدى.

— بۇ خۇمپەرلەر تاغ ئارىسىغا قېچىپتۇ! — دېدى كەندىرلىك ئارىدىن ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەلگەن سادىق بوجاڭ روھى چۈشكەن ھالدا.

— ئاپلا! كېچىكىپ قاپتۇق ـ تە!

— تېز بولمىساق ئۇلار تاغ ئارىسىغا كىرىپ كېتىدۇ، بەگ ئاتا!

— ئارقىسىدىن قوغلاڭلار! — بۇيرۇق قىلدى مەھەممەت توختى بەگ.

مۇھەممەت توختى بەگ تاغ تەرەپكە بىرىنچى بولۇپ ئات سالدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەسكەرلەر بوجاڭ، خاڭتولار ئاتلىرىنى چاپتۇرغىنىچە يۇرۇپ كېتىشتى.

ئاسمانغا تاقاشقان ئېگىز تاغ چوققىلىرى ئاقۇش تۇمان ئارىسىدا خۇددى خىيالىي دۇنيادەك ھەيۋەت ۋە سىرلىق كۆرۈنەتتى. تاغ قاپتىلى ياپيېشىلچىلىققا پۇركەنگەن ئەمما قارلىق تاغ چوققىلىرىنى يالاپ ئۆتكەن باھار شامىلى يەنىلا سوغۇق ئىدى.

تار جىرالىق تاغ ئېغىزىنىڭ بېشىنى سۇپۇرگە پالۋان قاتارلىق بىر نەچچە مالچىلار، ئۇنىڭ ئايغىنى ئالىم مەرگەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئىگىلىدى. سۇپۇرگە پالۋان تاغ ئەزىمەتلىرىگە خاس سەزگۈرلۈك بىلەن شىراق مىلتىقىنى پەسكە توغرىلاپ قويغىنىچە يايلاق تەرەپنى كۆزىتىپ ياتاتتى.

مۇھەممەت توختى بەگ پېشىن مەزگىلى بىلەن تەڭ ئەسكەر، چېرىك ۋە بوجاڭ، خاڭتولىرىنى باشلاپ تاغ

ئېغىزىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار تاغ ئېغىزىدا نىمىلەرنىدۇر تالىشىپ ئۇزۇنغىچە سۆزلەشتى ۋە ئاخىرىدا تاغ جىراسى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. سۇپۈرگە پالۋاننىڭ يۈرىكى ھاياجان ۋە خۇشاللىقتىن دۇپۇلدەيتتى. دۇشمەنلەر تاغ جىراسىغا تۇگەل كىرىپ بولغاندىن كېيىن، سۇپۈرگە پالۋان شىراق مىلتىقىنىڭ تەپكىسىنى بېسىۋەتتى. گۈمۈرلىگەن ئاۋاز تاغ ئارىسىنى لەرزىگە كەلتۈردى. بۇ، تاغ ئۈستىدىكى مالچىلارنىڭ پەستىكى دۇشمەنلەردىن تاش بوران قىلىشقا بېرىلگەن بۇيرۇق بەلگىسى ئىدى. ئوق ئاۋازى بىلەن تەڭلا مالچىلار تاغ ئۈستىدىكى قورام تاشلارنى دۇشمەن ئۈستىگە دومىلىتىشقا باشلىدى. چوڭ - كىچىك قورام تاشلار دۇشمەننىڭ باش - كۆزىگە مۆلدۈردەك يېغىشقا باشلىدى. قورام تاشلارنىڭ - بىر - بىرىگە سوقۇلغان چاغدىكى قاراس - قۇرۇس، گۈلدۈر - غالاپىلىرى، دۇشمەن-نىڭ ناله - پەريادلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى تار جىرانى تىترەتمەكتە ئىدى.

تاش ئاستىدا مىجىلىپ ئۆلگەن، يارىدار بولغان دۇشمەنلەردىن باشقىلار مۇھەممەت توختى بەگنىڭ بۇيرۇقى بويىچە تېزلا ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشتى ۋە تاغ ئۈستىدىكى مالچىلارنى ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. بەكرى ئىسىملىك ياش مالچى يوغان بىر پارچە قورام تاشنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئەمدىلا ئاتاي دەپ تۇرۇشىغا كۆكرىكىگە تەگكەن بىر پاي ئوق بىلەن قورام تاشنى چىڭ تۇتقىنىچە پەسكە غۇلاپ چۈشتى. دۇشمەنلەر پەستە يوغان قورام تاشلارنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈۋالغاچقا، تاغ ئۈستىدىن دومىلاتقان تاشلارنىڭمۇ كۆپ ئۈنۈمى بولماي قالدى. ئەكسىچە دۇشمەنلەر ئاتقان ئوق

مالچىلارنىڭ ئەتراپىدىكى تاشلارغا تېگىپ خۇددى قۇشقاچ چۇۋۇلدىغاندەك ئاۋاز چىقىراتتى.

مالچىلار ئۆزىگە قارىتىلىپ تارسىلداپ ئېتىلىۋاتقان ئوقلاردىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى. مىلتىق ئاۋازى ھەم پەسكە دومىلىتىلغان تاشلارنىڭ ئاۋازلىرى تاكى كەچ كىرگۈچە داۋام قىلدى. مۇھەممەت توختى بەگ ساق قالغان ئەسكەرلىرىنى باشلاپ تاغ ئېغىزىدىن چېكىندى. سۇپۇرگە پالۋان بىر مۇنچە دۈشمەننى قاچۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك ھالغا يەتكەنىدى. ئۇ توختىماي تاماكا چېكەتتى، خىيال سۈرەتتى، ئۇ تۈن يېرىمى بىلەن مالچىلارنى جىراسىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى تار قاپتالغا يىغدى. قارىغاي، ئارچا ياغىچىدىن يېقىلغان گۈلخان چاراسلاپ يېنىپ تۇراتتى. گۈلخاننىڭ سارغۇچ قىزىل شولىسى مالچىلارنىڭ ساقال باسقان قەھرلىك چىرايىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. سۇپۇرگە پالۋان ئاچچىق تاماكىسىنى قاتتىق بىر شورىۋالغاندىن كېيىن مالچىلارغا مۇنداق دېدى:

— بىز بىر مۇنچە دۈشمەننى قاچۇرۇپ قويدۇق، ئەسلىدە ئۇلار يايلىقىمىزغا چىل بۆرىدەك چاڭ سالغىنى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ قاچۇرۇپ قويماسلىقىمىز لازىم ئىدى. ئۇلارنىڭ قولىدىكى مىلتىق بىزنىڭ تاشلىرىمىزدىن غالىب كەلدى. مۇبادا بىزنىڭ قولىمىزدىمۇ مىلتىق بولسا ئىدى، ئۇلار يايلىقىمىزغا باستۇرۇپ كەلگەنلىكىنىڭ جازاسىنى تارتاتتى. ئۇلار قاچتى، زەھەرلىك يىلاننىڭ بېشى قىچىپ كەتتى. ئۇلارنى ئەمدى يەنە كەلمەيدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ مېنىڭچە چوقۇم كېلىدۇ، بىز مالچىلارنىڭ ئەسلى — ۋەسلىمىزنى قۇرۇتۇۋەتمىگۈچە

ئارام تاپمايدۇ. ئەمدى ئۇلارغا قانداق تاقابىل تۇرغىنىمىز تۈزۈك؟ قېنى ماڭا بىر ئەقىل كۆرسىتىڭلار.

— سەن بىزنىڭ پالۋانىمىز، سەركەردىمىز، يەنىلا ئەقىلنى سەن بىزگە كۆرسەتكىنە، — دېدى تۇردى مالچى. قالغان مالچىلارنىڭ ھەممىسى ئۈمىدلىك كۆزلىرىنى سۈپۈرگە پالۋانغا تىككىنىچە جىمجىت تۇرۇشاتتى.

— مېنىڭچە، — دېدى سۈپۈرگە پالۋان يوغان بىر تال قارىغاي ياغىچىنى گۈلخان ئۈستىگە تاشلىۋېتىپ، — شۇنچىۋالا كۆپ ماللىرىمىزنى تاغ ئارىسىغا قاپساپ قويۇش ـ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھارام ئۆلتۈرۈش بىلەن باراۋەر. تاغ ئارىسىدا ئوت ـ چۆپ ئاز، ئەكسىچە ماللىرىمىز كۆپ، ماللىرىمىز تاغ ئارىسىدا بىر ھەپتىدىن ئارتۇق كۈن كەچۈرەلمەيدۇ، ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. شۇڭا مال ـ چارۋىلىرىمىزنى يەنىلا يايلاققا قايتۇرۇپ كەلمەكتىن باشقا ئامال يوق، لېكىن بىز يايلاققا قايتىپ بارغاندا، مۇھەممەت توختى بەگ ھەممىمىزنى مال ـ چارۋىلىرىمىز بىلەن قوشۇپ تېزلا يالماپ يۇتۇۋېتىشى تۇرغانلا گەپ. بىز مال ـ چارۋىلىرىمىزنىمۇ نابۇت قىلىۋەتمەسلىك، مۇھەممەت توختى بەگكىمۇ بوزەك بولماسلىق ئۈچۈن بىردىنبىر چارە ـ قوراللىنىش، بىز قورال ئارقىلىق ئۆزىمىزنى، يايلىقىمىزنى... قىسقىسى، بۇ يەردىكى ھاياتلىقىمىزنى قوغدىشىمىز كېرەك...

— بىز قورالنى، ئوق ـ ياراغنى نەدىن تاپىمىز؟ — خىتاب قىلدى ھەسەن.

— ئالدىرىما، گېپىمنى بۆلمە، مەن مۇنداق ئويلىدىم، ھەممىڭلارغا مەلۇم، قوشنىمىز سوۋېت ئىتتىپاقى بىزدەك

www.uyghurkitap.com

نامرات ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ دوستى. ھىمايىچىسى، بىز ھەر بىر ـــــ بىز ئاز ـ ئازدىن قوي، كالا، ئات چېقىرىپ چېگراغا ھەيدەپ ئاپىرىپ ئۇلارغا ساتىمىز. ئۇلاردىن پۇلمۇ، رەخت ـ گەزلىمە، قەنت ـ شېكەرمۇ ئالمايمىز. پەقەت قورال ئالىمىز. مېنىڭچە، ئۇلار بىزنى چوقۇم قوللايدۇ، بىزگە ياردەم قىلىدۇ.

— بۇ مەسلىھەتىڭغۇ بەك جايىدا، — بېشىنى تاتىلىدى تۇردى مالچى، — بىراق، مەن ساڭا بىر تال چىشقاق پاقلانىنىمۇ بېرەلمەيمەن. نېمىشقا، دەمسىنا؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزۈم بىلىمەن، مەن پەقەت باينىڭ مېلىنىلا باققۇچىمەن، ئۇنى بايدىن بىسوراق نېرى ـ بېرى قىلىشقا ھەققىم يوق. بولمىسا مېنىڭ تېرەمنىمۇ تەتۈر سويىدۇ، خوتۇن ـ بالىلىرىمنى ۋەيران قىلىدۇ.

— ئەمىسە بىزگە نېمىشقا قوشۇلدۇڭ؟ نېمىشقا بىزدىن ياردەم تەلەپ قىلدىڭ؟ — خىتاب قىلدى سۇپۇرگە پالۋان قاپىقىنى تۈرۈپ، — ئەمىسە ماللىرىڭنى ئايرىپ بىزدىن يىراق كەت! نەگە كەتسەڭ شۇ يەرگە كەت!

— دادامنى ئەپۇ قىلىسىلا، — ھەسەن قول باغلاپ سۇپۇرگە پالۋاننىڭ ئالدىغا كەلدى، — بايلار ئۇنى شۇنداق دەپ قورقىتىۋەتكەن، قورقۇنچاق، توخۇ يۈرەك قىلىپ قويغان. دادام بېرىشتىن قورقسا مەن بېرىمەن. قورال ـ ياراغقا ئىگە بولۇپ مال ـ يايلىقىمىزنى قوغدايدىغانلا ئىش بولسا، بۇنىڭغا يەكدىللىق بىلەن ئاۋاز قوشىمەن. سەن قانداق قىلىسەن توقسۇن؟

— نېمە دەيتتىم؟ سېنىڭ دېگىنىڭدەك بولسۇن، — دېدى توقسۇن بېشىنى كۆتۈرۈپ.

ئۇلار مەسلىھەتلىرىنى تېز لا پىشۇرۇشتى. سوپپورگە پالۋان ئىككى كالا، ئون قوي، ھەسەن بىلەن توقسۇن ئوندىن يىگىرمە قوي ··· قالغان مالچىلار بەشتىن، يەتتە ـ سەككىزدىن ··· شۇنداق قىلىپ ھەش ـ پەش دېگۈچە قوي ئەللىككە، كالا ئون ئىككىگە، ئات يەتتىگە يەتتى.

— سەنچۇ، ئالىم مەرگەن؟ جىمىپلا كەتتىڭغۇ؟ — چېقىشتى سوپپورگە پالۋان ئۇنىڭ بىر ئېشىكىدىن باشقا ھېچ نەرسىسىنىڭ يوقلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ. ياق، ئالىم مەرگەن جىمىپ كەتكىنى يوق. ئۇ خېلىدىن بېرى بۇلارنىڭ تالاش ـ تارتىشلىرىنى ئۇن ـ تىنسىز ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. ئۆزىچە مۇلاھىزە قىلاتتى. ئۇنىڭچە چېگراغا بېرىپ سوۋېتلىكلەر بىلەن قورال سودىسى قىلىش ئۇچۇن ئاز دېگەندە بىرەر ھەپتىدەك ۋاقىت كېتەتتى. ئۇلار شۇنچە ئۇمىد بىلەن چېگراغا بارغاندا، سوۋېتلىكلەر قورال سېتىپ بېرەمدۇ، يوق؟ بۇنىڭغا ھېچكىم ھۆددە قىلالمايتتى.

شۇ ئارىلىقتا مۇھەممەت بەگ يەنە ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ قالسىچۇ؟ ئۇ چاغدا ھەممە ۋەيرانچىلىق ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەت يەنە مۇشۇ بىگۇناھ مالچىلارغا بولاتتى. ئۇ تۇنۇگۇنكى بىر كۇنلۇك قانلىق جەڭنى كۆز ئالدىغا كەلتۇرۇپ، مالچىلارنىڭ قولىدا تۆمۇرنىڭ سۇنۇقى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، قوراللىق دۇشمەن بىلەن جەڭ قىلغان چاغدىكى باتۇرلۇقىغا ئىچ ـ ئىچىدىن قايىل بولغانىدى. شۇڭا ئۇ بىر مۇنچە مال ـ چارۋا بەدىلىگە چەت ئەلدىن قورال سېتىۋالغاندىن كۆرە، ئۆزى ئۆڭكۇرگە يوشۇرۇپ قويغان قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىلارنى مالچىلارغا تارقىتىپ

www.uyghurkitap.com

بېرىپ، ئۆزى خېلىدىن بېرى ئويلاپ يۈرگەن قوراللىق ئىنقىلابنى مۇشۇ ئايبۇلۇڭ يايلىقىدىن باشلاش قارارىغا كەلدى.

— جىمىپ كەتمىدىم، مەنمۇ بىر ئۇلۇش كۈچ قوشاي دەيمەن، — دېدى ئۇ خاتىرجەم روھلۇق هالدا.

— ها... ها ... ها ... ئاشۇ بىر تال قوتۇر ئېشىكنىڭ بىلەنمۇ؟

— ياق، قورال-ياراغلىرىم بىلەن.

— ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن چەكچىيىپ كەتتى.

— نېمە دەۋاتىسەن، ئۇيقۇچىلىقتا جۆيلۈۋاتامسەن؟ — سورىدى سۇپۇرگە پالۋان ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەي.

— ياق، مەن گەپنىڭ راستىنى دەۋاتىمەن. مەن ئەسلىدە تالىپ ئاخۇن باينىڭ يىللىقچىسىمۇ ئەمەس. يۇرتۇم خوتەندىن، زالىملار يۇرتۇمنى خانىۋەيران قىلدى. گۇناھسىز ئاتا-ئانامنى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمنى ئۆلتۈردى. مەن ئۇلارنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن شاھ مەنسۇرغا ئەسكەر بولدۇم. ماخۇسەننىڭ باسمىچى ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ يېڭىسارغىچە كەلدىم. شاھ مەنسۇر يېڭىساردا يوقىتىلدى. ھەممىمىز تىرىپىرەن بولۇپ كەتتۇق، مېنىڭ زالىملارنى يوقىتىش، ئاتا-ئانامنىڭ قىساسىنى ئېلىش خىيالىممۇ بەرباد بولدى. لېكىن يۈرىكىمدە قىساس ئوتى ئۆچمىدى. شۇڭا مەن كېيىنكى كۈنلەردە ئەسقېتىپ قالار، دەپ بىر قىسىم قورال-ياراغ، ئوق-دورىلارنى ئىككى ئاتقا ئارتىپ ئايبۇلۇڭ يايلىقىغا

قېچىپ كەلدىم. قورال - ياراغنى مۇشۇ تاغنىــڭ باش ئېغىزىدىكى ئۆڭكۈرگە تىقىپ يوشۇرۇپ قويدۇم. مانا ئەمدى ئۇ قوراللارنى ئىشلىتىش ۋاقتى كەلدى، — دېدى ئالىم مەرگەن.

سۇپۇرگە پالۋان خۇشاللىقىدىن نېمە دېيىشىنــى بىلەلمەي قالدى.

— ھۇ كاززاپ، — دېدى ئۇ ئالىم مەرگەننىــڭ يەلكىسىگە شاپىلاقلاپ، — مەن شۇ چاغدىلا سەندىن گۇمان قىلغانىدىم. لېكىن كېيىنچە سېنىڭ يالغان سۆزلىرىڭگە ئىشىنىپ كېتىپتىمەن. بۇ گېپىڭ راستلا بولسا، بوپتۇ، سېنىڭ يالغانچىلىقىڭنى كەچۈردۇم!

مالچىلار بۇ بىر كېچىنى گۇلخان يېقىپ ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى ۋە تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭلا ئالــم مەرگەنگە ئەگىشىپ ئۆڭكۈر تەرەپكە يۈگۈرۈشتى. قورال - ياراغلار راستىنلا بىر - بىرىدىن سەرخىل بولۇپ، يېڭى چىققان قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تۇراتتى.

قورال - ياراغ توغرىسىدىكى پاراڭ قوشنا يايلاقلارغا خۇددى گۈلدۈرماما ئاۋازىدەك تېزلا تارقالدى. شۇ كۈنىلا سۇپۇرگە پالۋان بىلەن ئالىم مەرگەننىڭ سېپىگە كېلىپ قوشۇلغان مالچىلار ئەللىكتىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلار بىر ياقتىن قورال - ياراغنى قانداق ئىشلىتىشنى ئۆگەنسە، يەنە بىر ياقتىن ئۆزلىرىگە لايىق يۈگۈرۈك ئاتلارنى تاللاش، ئۇنى كۆندۈرۈش بىلەن ئالدىراش ئىدى.

سۇپۇرگە پالۋان يەكەن شەھىرىگە يوشۇرۇن ئەۋەتكەن ئادەملەر ئۈچ كۈندىن كېيىن تۆۋەندىكى مەزمۇندا جىددىي خەۋەر ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە: مۇھەممەت

توختى بەگ يۈزدىن ئارتۇق ئەسكەرنى باشلاپ قوغلاپ ئېغىزىغا قاراپ كېلىۋاتقانمىش، ئۇلار بۈگۈن كېچىسى قوشراپتا ئۆتكۈزۈپ، ئەته بىر نەچچە يۆنىلىش بويىچە بۇ تاغنى مۇھاسىرىگە ئالارمىش.

سۈپۈرگە پالۋان بىلەن ئالىم مەرگەن خېلى ئۇزۇنغىچە كېڭەشتى، ئۇلار ئاخىرىدا دۈشمەن ئەسكەرلىرى تاغنى قورشاۋغا ئېلىپ بولغۇچە كېچىلەپ قوشراپ ئېغىزىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشنى، مۇمكىنقەدەر زەھەرلىك يىلاننىڭ بېشى مۇھەممەت توختى بەگنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشنى قارار قىلدى.

تۈن يېرىم بىلەن تەڭ تولۇق قوراللانغان ئەللىككە يېقىن پارتىزان ئاتلىرىنى چاپتۇرغىنىچە ئايبۇلۇڭ يايلىقىدىن چىقىپ كەتتى. بۇ كېچە ئاي قاراڭغۇسى بولۇپ، يايلاق ئاسمىنىدا سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار يېنىپ تۇراتتى. يايلاقتا يېنىك يورغىلاپ كېتىۋاتقان ئاتلارنىڭ پۇشۇلدىشىدىن ۋە تۇياق ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. ئۇلار قوشراپ ئېغىزىغا كەلگەندە، باسمىچىلار كىشىلەرنىڭ ئۆي ـ ئۆيلىرىدە ئاللىقاچان ئۇيقۇغا كەتكەن بولۇپ، پارتىزانلارنىڭ بىراقلا قوراللىنىپ، ئۆزىنىڭ ئۈستىگە كېچىلەپ باستۇرۇپ كېلىشىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. پارتىزانلار ئۆي ـ ئۆيلەرنى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق، شەپىسىز ھالدا قورشىۋالغانمۇ بولاتتى. بىراق، مۆكدەپ ياتقان ئىتلار ئات تىۋىشىنى ئاڭلاپ بىراقلا قاۋاشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن باسمىچى ئەسكەرلەر ئويغىنىپ ئۇيقۇچىلىقتا ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قارىتىپ ئوق ئېتىشقا باشلىدى. ئىككى تەرەپتىن ئېتىشىۋازلىق باشلىنىپ كەتتى.



www.uyghurkitap.com

بەتلەكلىك تاپانچىسىنى تۇتقان ھالدا ئەسكى تاملىقنى دالدا قىلىپ تۇرغان ئالىم مەرگەن ئۆي ئىچىدىن نامەلۇم بىر ئادەمنىڭ ئۆمىلەپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى ــ دە، يولۋاستەك چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ ئۇستىگە تاشلىنىپ تاپانچىنى گەجگىسىگە توغرىلىدى:

— راستىنى ئېيت! ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟

— خۇدا ھەققى، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە ... غاپپار بوجاڭ بولىمەن.

— مۇھەممەت توختى بەگ قەيەردە؟

— ئارقىدىكى ساراي ئۆيدە.

— يالغان ئېيتساڭ مېڭەڭدىن ئىس چىقىرىمەن!

— ئەزبىرايى! يالغان ئېيتسام ...

ئالىم مەرگەن غاپپار بوجاڭنىڭ بىقىنىغا بىرنى تېپىۋېتىپ ئۆينىڭ ئارقىسىغا ئۆزىنى ئاتتى. بۇ چاغدا تاڭ يورۇپ قالغان بولۇپ، ئۆي ئىچىدە ئوق ئېتىۋاتقان دۈشمەن ئەسكەرلىرى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئالىم مەرگەن ئۆي ئىچىدىكى دۈشمەننى بىر پاي ئوق بىلەن تىنچ مولاق چۇشۇردى ــ دە، ئۆي ئىچىگە ئېتىلىپ كىردى. چوشقىدەك سېمىز، قازان باش، ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى بىر ئادەم قولىدىكى قىلىچ بىلەن ئۆينىڭ ئارقا تېمىنى ھەدەپ تېشىۋاتاتتى. ئۇ ئىشىكتىن ئېتىلىپ كىرگەن ئالىم مەرگەننى كۆرۈپ، چىشلىرىنى غەزەپ بىلەن غۇچۇرلاتتى.

— مۇھەممەت توختى بەگمۇ سەن؟

— سەن لەنىتى ئەبلەخ! — مۇھەممەت توختى بەگ ئەسەبىيلەشكەن ھالدا قىلىچىنى دېۋەيلەپ كەلدى، ئالىم مەرگەن بىر پاي ئوق بىلەن ئۇنىڭ قىلىچىنى يەرگە

چۇشۇرۇۋەتتى ۋە قىلىچنى قولىغا ئالدى ـ دە، بىرلا چېپىپ بەگنىڭ بېشىنى يەرگە چۇشۇرۇۋەتتى. باشسىز تەن خۇددى بېشى ئۈزۈلگەن يىلان گەۋدىسىدەك ئۇياق ـ بۇياققا تىپىرلايتتى. ئالىم مەرگەن بەگنىڭ باشسىز گەۋدىسىگە قاراپ نەپرەت بىلەن بىرنى تۈكۈردى ـ دە، ئۇنىڭ بېشىنى قىلىچقا سانجىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئەمدى ئوق ئاۋازى بېسىققان بولۇپ، قېچىپ كەتكەن ئازغىنا دۈشمەن ئەسكىرىدىن باشقا قالغانلارنىڭ ھەممىسى يوقىتىلغانىدى.

— مانا مۇھەممەت توختى بەگ! — دېدى ئالىم مەرگەن بەگنىڭ قانغا مىلەنگەن بېشىنى سۈپۈرگە پالۋاننىڭ ئالدىغا تاشلاپ، سۈپۈرگە پالۋان غۇلىچىنى كەڭ كېرىپ ئالىم مەرگەننى قۇچاقلاپ كەتتى:

— بارىكاللا ئۇكام! مەرگەن دېگەن نامىڭغا تۇشلۇق ئىش قىلدىڭ ـ دە، بۈگۈن!

قوزغىلاڭچىلار ئولجا ئېلىنغان ئات ۋە قورال ـ ياراغلارنى ئېلىپ ئايبولۇڭ يايلىقىغا قايتتى. سۈپۈرگە پالۋان تاغ ئارىسىدىكى چارۋا ـ ماللارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. كەڭ يايلاق خۇشاللىق ۋە غەلىبە تەنتەنىسى بىلەن تولغانىدى. سۈپۈرگە پالۋان دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتاتتى. باشقىلار ئۇسسۇل ئوينايتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، پارتىزانلار ئارىسىدىكى ئاقساقاللارنىڭ تۇنجى قېتىملىق كېڭىشىشى ئۆتكۈزۈلدى. ھەممەيلەن بىردەك سۈپۈرگە پالۋاننى پارتىزانلار ئەترىتىگە باشلىق، ئالىم مەرگەننى مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ سايلاشتى.

— بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشىمىز، — دېدى سۈپۈرگە پالۋان، — ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىگە

يېقىندىن ماسلىشىپ قەشقەر، يەكەن، خوتەن تەۋەسىنى ئازاد قىلىش، بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئالدى بىلەن يەكەن شەھىرىگە تېزلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، يەكەننى ئىشغال قىلىشىمىز كېرەك، بوشاڭلىق، بىخەستىلىك قىلىپ، پاسار بەگنىڭ قەشقەردىن ئەسكەر يۆتكەپ كېلىشىگە ھەرگىزمۇ پۇرسەت يارىتىپ بەرمەسلىكىمىز كېرەك.

پارتىزانلار ئەسكەر تولۇقلاش، ئوق - دورا جەملەش قاتارلىق ئىشلار بىلەن يەكەنگە ھۇجۇم قىلىشقا جىددىي تەييارلىق كۆرۈۋاتقان مەزگىلدە، ئۇلار كۈتۈلمىگەن ئوڭۇشسىزلىققا دۇچ كەلدى. قەشقەر تەرەپتىن دەسلەپتە غوڭۇلدىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئاندىن ئىككى ئايروپىلان يايلاق ئاسمىنىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەلدى - دە، پارتىزانلارنى شىددەت بىلەن پىلىموتقا تۇتۇشقا باشلىدى. پارتىزانلارنىڭ خېلى كۆپى «ئايروپىلان» دەپ ئاڭلىسىمۇ ئۆزىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئايروپىلان ئۇلارنى بىر ياقتىن ئوققا تۇتۇپ، بىر ياقتىن ئۈستىگە بومبا تاشلىماقتا ئىدى.

سوپۇرگە پالۋان تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ كېتىۋاتقان پارتىزانلارغا قاراپ:

— ئايروپىلان ... قاچماڭلار! قاچماي يەرگە يېتىۋېلىڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى. ئالىم مەرگەن ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ - تىرىلىشى بىلەن كارى يوق ئايروپىلان ھەر قېتىم يايلاق ئۈستىگە ئۈچۈپ كەلگەندە، قولىدىكى ئاپتوماتىنى ئاسمانغا توغرىلاپ ئايروپىلانغا قارىتىپ ئوق ئاتماقتا ئىدى. ئوچۇق داللاردا يوشۇرۇنىدىغان، ئۆزىنى دالدا قىلىدىغان يەر بولمىغانلىقتىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە، بىر مۇنچە پارتىزانلار ھالاك بولدى. ئوق تەگكەن ئاتلارنىڭ بەزىلىرى ئۆلۈپ، ياردار بولغانلىرى جايىدا تىپىرلايتتى. گاھىلىرى

ئاقساپ ئۇياق ـ بۇياققا قاچاتتى. بومبا پارچىلىرى ئۆتكۈپ قورسىقى تېشىلىپ كەتكەن ئاتلارنىڭ ئۈچەيلىرى ساڭگىلاپ قالغانىدى، بىر چاغدا:

— سۇپۇرگە پالۋانغا ئوق تەگدى! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئالىم مەرگەن شۇ چاغدىلا ئىسگە كېلىپ، سۇپۇرگە پالۋاننىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. پالۋان ئاللىقاچان سۆزدىن قالغان. كۆكرىكىدىن بۇلدۇقلاپ قان ئېقىۋاتاتتى. ھايال ئۆتمەي قوشراپ ئېغىزى تەرەپتىن ئون يىگىرمىدەك ئاتلىق ئەسكەرلەر چىقىپ كەلدى. ئۇلار «ئۇر، چاپ!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە قېچىپ كېتىۋاتقان پارتىزانلارنى بىر ياقتىن ئوققا تۇتۇپ، بىر ياقتىن ئۇلارنى قىلىچ بىلەن چاپماقتا ئىدى. ئالىم مەرگەن يېنىغا ياتقۇزۇۋالغان ئېتىنى ئالدىراپ قوپۇردى ـ دە، ئېتىغا مىنىپ، ياۋا كەندىرلىك تەرەپكە ئات سالدى. بۇ چاغدا ئايروپىلانلار قاياققىدۇر ئۇچۇپ كەتكەن بولۇپ، ئارقىسىدىن ئېتىلغان ئوقلار قۇلاق تۈۋىدىن ۋىژ ـ ۋىژ قىلىپ ئۇچاتتى. كۇتۇلمىگەن ھاۋا قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن، ئالىم مەرگەن ئۆزىنىڭ يېقىنى سەپداشلىرىدىنمۇ، قورال ـ ياراغلىرىدىنمۇ ئايرىلغانىدى. ئۇ ئېتىنى شۇ پېتى چاپتۇرغىنىچە ئايبۇلۇك يايلىقىدىن قانچىلىك يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيدى، ئايبۇلۇك يايلىقى يىراقتا كۆكۈش ئىس ـ تۈتەك ئارىسىدا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

«ياق، مەن بۇ زالىملاردىن ئىنتىقام ئالىمەن. بىگۇناھ ئۆلگەن ئاتا ـ ئانامنىڭ، ئايبۇلۇكدىكى سەپداشلىرىمنىڭ قانلىق ئىنتىقامىنى ئالماي قويمايمەن!» دەپ شىۋىرلىدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە. ئاندىن ئۇ ئېتىنى دېۋىتىپ شىمالغا — قەشقەر تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

# بەشىنچى باب

1945 ـ يىلى قەشقەر، كونىشەھەر يوْمىلاق شەھەر كۆل.

گومىنداڭ ھەربىي گېزەرمىسىنىڭ ئاتلىق قىسىم 2 ـ لىيەنى موْشۇ يەرگە جايلاشقان بولۇپ، لىيەنجاڭ قاسىمنى يوْقىرىدىن تۆۋەنگىچە خا لىيەنجاڭ دەپ ئاتىشاتتى. ئوْ سوْپاخوْنىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قوشوْنلىرى ئارىسىدىن بۆلوْنوْپ چىقىپ، ئوْچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىگە قوشوْلغانلىقىنى بوْروْنلا ئاڭلىغان. شوْڭا ئوْموْ گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئىچىدە توْروْپ قوزغىلاڭچى مەخپىي قوشوْن تەشكىللەشنى پىلانلاپ كەلگەنىدى. ئوْ ئۆزىنىڭ بوْ خىيالىنى 1 ـ پەيىنىڭ پەيجاڭى قىرغىز ئىسھاق پەيجاڭغا ئېيتتى. ئىسھاق پەيجاڭ ئوْنىڭ پىلانىغا تولوْق قوشوْلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئوْ ئاخىرىدا موْنداق دېدى:

— بىز بوْ پىلانىمىزنى ھازىرچە جەڭچىلەرگە ئوْقتوْرماي، لىيەن تەۋەسىدىكى پەيجاڭ، موْئاۋىن پەيجاڭ، ھەم بەنجاڭلارغا خىزمەت ئىشلەپ ئوْلارنى قولغا كەلتوْرەيلى. قوراللىق قوزغىلاڭنى ئالدى بىلەن قەشقەر شەھەر ئىچىدىن باشلاپ، ئەتراپتىكى ناھىيىلەرگە، يېزا ـ قىشلاقلارغا كېڭەيتەيلى. لېكىن بىزنىڭ كوْچىمىز ھامان چەكلىك، بىز چوقوْم ئوْچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ بىزگە يېقىندىن ماسلىششىنى قولغا كەلتوْروْشىمىز كېرەك.

www.uyghurkitap.com

— بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى بىلەن ئالاقە ئورنىتىش كېرەك دېمەكچىمۇسەن؟ — سورىدى خا لېيەنجاڭ.

— شۇنداق قىلماي بولمايدۇ، بىز ئالدى بىلەن شۇ تەرەپنىڭ پىكرىنى ئېلىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ قەشقەردە پۇت دەسسەپ تۇرۇشىمىز ئۇچۇن ئۇلارنىڭ ياردىمى ئىنتايىن مۇھىم.

— ئۇنداق بولسا ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق ئالاقىچىدىن بىرنى ئۇلجىغا ئەۋەتەيلى، — دېدى خا لېيەنجاڭ.

ئىسھاق پەيجاڭ كەچتە ئۆيگە كېلىپ ئىشىكى ئالدىدا ئوتتۇن يېرىۋاتقان ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىتنى كۆرۈپ قالدى.

— ئىش ئىزدەپ يۈرگەن مەدىكارچىكەن، ئوتۇن يارغۇزۇۋاتىمەن، — دېدى ئىسھاق پەيجاڭنىڭ ئايالى كۈلۈمسىرەپ. ئەمما بۇ مەدىكار ئىسھاق پەيجاڭغا تونۇشتەك بىلىندى.

— توختىغىنا، سەن خوتەنلىك ئالىم مەرگەنغۇ؟ — دېدى ئۇ دەر گۇماندا، مەدىكارچى بېشىنى كۆتۈردى. ھېچ خاتاسى يوق! ئالىم مەرگەننىڭ دەل ئۆزى ئىدى.

— ئىسھاققۇسەن؟ — دېدى ئالىم مەرگەن كۆزلىرىگە ئىشەنمەي، — سەن قانداقچە گومىنداڭغا ئەسكەر بولۇپ قالدىڭ؟

— ھا ... ھا ... ھا ... جان بېقىش ئۇچۇن بولمامدۇ!

بۇ ئىككىيلەن شاھ مەنسۇر يېڭىساردا ماخۇسەننىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن سوقۇشقاندا، بىر خەندەكتە ئۇرۇش قىلغان يېقىن دوست، ئاغىنىلەر بولۇپ، ئىسھاق ئۇ چاغدا

ئالىم مەرگەننىڭ قول ئاستىدىكى ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان چېۋەر جەڭچى ئىدى. ماخۇسەننىڭ قىسىملىرى يېڭىسارنى ئىشغال قىلغان كۈنى بۇ ئىككىسىمۇ بىر - بىرىنى يوقىتىپ قويۇشقان، شۇنىڭدىن بېرى بىر - بىرىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلالمىغانىدى.

ئىككى دوست ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ يېرىم كېچىگىچە ھال - مۇڭ بولۇشتى. ئىسھاق، شۇ قېتىمقى پاجىئەدىن كېيىن ئۆزىنىڭ خېلى ۋاقىتقىچە يۇرتمۇ يۇرت سەرسان، سەرگەردان بولۇپ يۈرگەنلىكىنى، قەشقەر شەھىرىدە ئۇشتۇمتۇت گومىنداڭغا مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلىقىنى، شۇنىڭدىن بېرى، شۇ يەردە جان بېقىپ كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ئالىم مەرگەنمۇ ئايبۇلۇڭ يايلىقىدا يوشۇرۇنچە ئۆتكۈزگەن ھاياتىنى، ئۆزىنىڭ سۇپۇرگە پالۋان بىلەن بىللە قانداق قىلىپ ئەللىك نەچچە كىشىلىك پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىللىگەنلىكىنى، پاسار بەگنىڭ قورچاق ئەسكەرلىرىگە قانداق ئەجەللىك زەربە بەرگەنلىكىنى، كېيىن ئايروپىلان ھۇجۇمىغا ئۇچراپ بۇ پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ قانداق ۋەيران بولغانلىقىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

— پۇرسەت بولسا، — دېدى ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىدا، — بۇ زالىملارغا قارشى جان تىكىپ كۈرەش قىلسام دەيمەن. ماڭا بىر مەسلىھەت بەرگىنە، ئىشنى نەدىن باشلىسام بولار؟

— سېنى غۇلجىغا ئەۋەتسەك قانداق دەيسەن؟

— غۇلجىغا؟ غۇلجىغا نېمىشقا بارىمەن؟

— ئۇچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى قوماندانلىق شتابى

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئالاقىلىشىشقا بارىسەن.

— مەن گېپىڭنى ھېچ چۈشىنەلمىدىم، ئادىش.

— ئەمىسە مەخپىيەتلىكنى چىڭ ساقلا، — دېدى ئىسھاق پەيجاڭ، ئاندىن ئۆزىنىڭ قاسىم لېيەنجاڭ بىلەن تۈزۈشكەن پىلانلىرىنى ئالىم مەرگەنگە بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

— خا لېيەنجاڭ ماڭا ئىشىنەرمۇ؟ — سورىدى ئالىم مەرگەن بىر ئاز ئۈمىدسىز كەيپىياتتا.

— ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بول. مەن ساڭا ئىشەنگەن ئىكەنمەن. ئۇمۇ ساڭا ئىشىنىدۇ.

ئىسھاق پەيجاڭ ئەتىسى ئەتىگەندە، خا لېيەنجاڭنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ غۇلجىغا ئەۋەتىدىغان ئەڭ ئىشەنچلىك ئالاقىچىنى تاپقانلىقىنى ئېيتتى. خا لېيەنجاڭ ئۇنىڭ ئالىم مەرگەن توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشىنى تەپسىلىي ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر پەس خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى ۋە ئاخىرىدا:

— مەيلى، ئىش مەسلىھەتىڭچە بولسۇن، ئەگەر بۇ ئادىمىڭدىن ئازراقلا چاتاق چىقىپ قالسا، كاللاڭنى ئۆز قولۇم بىلەن ئالىمەن، — دېدى.

ئىسھاق پەيجاڭ خا لېيەنجاڭنىڭ تاپشۇرۇقىغا ئاساسەن قەشقەر شەھىرى بويىچە ئەڭ ئۇستا موزدۇز مامۇتجان دېگەن كىشىگە بىر كىشىلىك ئاياغ بۇيرۇتتى. ئۇ مامۇتجانغا مۇنداق دېدى:

— سەن ئاياغنى پۈتتۈرگەندە بىرسىنىڭ پاشنىسىنى قويۇپ، بىرسىنىڭ پاشنىسىنى قويماي تۇر. قويمىغان پاشنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يىرتىق پۇل پاتقۇدەك تۆشۈك قويۇپ

قوي، بۇ پاشنىغا پارچە چەم ئىشلەتمە!
ماموتجان ئاياغنى ئىسھاق پەيجاڭنىڭ دېگىنىدەك تىكىپ پۈتتۈردى. ئۇنىڭغىچە خا لىيەنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى قوماندانلىق شىتابىغا ئەۋەتىدىغان مەخپىي خەتنى يېزىپ پۈتتۈرگەنىدى. ئۇ ئالىم مەرگەن بىلەن ئىسھاق پەيجاڭنىڭ ئۆيىدە تۇنجى قېتىم ئۇچراشتى. ئىسھاق پەيجاڭ مەخپىي خەتنى ماموتجاننىڭ دۇكىنىغا ئاپىرىپ ئاياغنىڭ ئوڭ پاشنىسىغا ئورنىتىپ ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، خا لىيەنجاڭ ئالىم مەرگەنگە:
— يول خەتەرلىك بولسىمۇ، سەن بىر ئامال قىلىپ مۇزداۋان ئارقىلىق ماڭ، — دېدى.
— مۇزداۋان ئارقىلىق ماڭ، دېدىڭىز، گېزى كەلگەندە كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ ئارىسىدىن ئۆت دېسىڭىزمۇ ئۆتۈپ كېتىمەن. مەن ۋەدىگە ۋاپا قىلىدىغان ئادەممەن، — دېدى ئالىم مەرگەن.
— ئۇنتۇمىغانسەن، خەتنى كىمگە تاپشۇرىسەن؟
— ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال ئىسھاقبەگكە.
— يول خېتىڭنىمۇ تەييارلاپ قويدۇم، — دېدى خا لىيەنجاڭ، — قاچان يولغا چىقىسەن؟
— سىز قاچان مېڭىشقا بۇيرۇق قىلسىڭىز شۇ چاغدا.
— ئەمىسە ئۆگۈنلۈككە ماڭ، ئاقسۇنىڭ بوزدۆڭ دېگەن يېرىگە بارغاندا، بەردىبەگ ئىسىملىك قىرغىز بىلەن ئۇچراش، ئۇ بوزدۆڭ پارتىزانلىرىنىڭ باشلىقى، سېنىڭ مۇزداۋاندىن ئۆتۈپ كېتىشىڭگە ياردەملىشىدۇ.
— سىز بەردىبەگكە بىر پارچە خەت يېزىپ بەرمىسىڭىز

ماڭا ئىشەنمەيدۇ ـ دە، — دېدى ئالىم مەرگەن.

— لازىمى يوق، سەن ئۇنى ئىزدەپ تاپسەڭ ـ دە، مېنىڭ ئىسمىم سەمەر لاچىن، دەيسەن، بۇ بىر مەخپىي بەلگە.

ئىسھاق پەيجاڭ ماشىنا ئىزدەپ ياۋاغ ماشىنا بېكىتىگە كەلدى ۋە مۇھەممەت ئىسىملىك شوپۇرنى تاپتى. مۇھەممەت خوجۇڭپو ئىسىملىك خەنزۇ سودىگەرنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەيدىغان ئاتۇشلۇق شوپۇر بولۇپ، ئىسھاق پەيجاڭنىڭ يېقىن ئاغىنىسى ئىدى. ئۇ يەكەندىن يۈك بېسىپ ئۈرۈمچىگە كېتىۋاتاتتى. ئىسھاق پەيجاڭ ئالىم مەرگەننى ئۇنىڭ ماشىنىسىغا ئورۇنلاشتۇردى.

مەھەممەت، ئالىم مەرگەننى ئاتۇش ۋە سەنساكۇدىكى تەكشۈرۈش بېكىتىدىن ساق ـ سالامەت ئۆتكۈزۈپ ئاچالغا ئېلىپ كەلدى ۋە بۇ يەردە تاماق يېيىش ئۈچۈن ماشىنىسىنى توختاتتى.

ئاشخانىدا ئۆتكۈنچىلەر كۆپ ئىدى. ئۇلار تاماق يەۋېتىپ ئاقسۇدىكى تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ ناھايىتى قاتتىقلىقى، ئازراقلا گۇمانلىق ئادەم سېزىلسە، ھېچبىر يۈز ـ خاتىرە قىلمايلا ياكى ئارتۇقچە گەپ سورىمايلا، ئۇدۇل تۈرمىگە تاشلاۋاتقانلىقى توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتاتتى. شوپۇر مەھەممەت ئالىم مەرگەنگە ئۈن ـ تىنسىز، مەنىلىك قاراپ قويدى. بۇ ئۇنىڭ «گومىنداڭچىلار كۈتۈلمىگەندە سەندىن گۇمانلىنىپ قېلىپ تۇتۇپ كەتسە قانداق قىلىمەن؟» دېگىنى ئىدى. ئالىم مەرگەن ئويلىنىپ قالدى، قولىدىغۇ خا ليەنجاڭ بەرگەن يول خېتى بار. بىراق، ئاقسۇدىكى تەكشۈرۈش بېكىتىدە دۈشمەنلەر



www.uyghurkitap.com

كۆتۈلمىگەندە ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ قالىسچۇ؟ ئۆزىنىڭ تۇرمىگە تاشلىنىشى كىچىك ئىش، بىراق مەخپىي خەتنى ئۆز ۋاقتىدا بەلگىلەنگەن جايغا يەتكۈزمىسە ئەلۋەتتە ئۆز ۋىجدانىغا، قىلغان ۋەدىسىگە مۇخالىپ ئىش قىلغان بولىدۇ ـ دە.

مەھەممەت تاماق يەپ بولۇپ ماشىنىسىنىڭ بۇزۇلغان ئاللىقانداق يەرلىرىنى كوچىلاشقا كىرىشتى. ئالىم مەرگەن قولىنى يۇماقچى بولۇپ ئېرىق بويىغا كەلدى. ئېرىق بويىدىكى سۆگەت تۈۋىدە ئىچىگە لىققىدە بىر نەرسە قاچىلانغان قىل تاغارلار ئارتىلغان ئوتتۇزدىن ئارتۇق تۆگە چۆكتۈرۈپ قويۇلغان بولۇپ، سۆگەتكە يەنە تۆت ئات باغلاپ قويۇلغانىدى. سۆگەت تۈۋىدە بېشىغا كونا قىرغىز قالپىقى كىيگەن بىر ئادەم قۇرۇق نان يەپ ئولتۇراتتى.

ئۇ ئالىم مەرگەنگە سىنچى كۆزلىرى بىلەن قاراپ ئۆزىچە گەپ سوراپ كەتتى.

— قاياققا بارىسەن؟ — سورىدى ئۇ ئېنىق قىرغىز تەلەپپۇزىدا.

— ئاقسۇغا، ئۆزۈڭچۇ بۇرادەر؟

— كەلپىنگە بۇغداي ئالغىلى بارغان، شۇ يەردىن قايتىشىمىز.

— بۇغداينى بازاردىن ئالدىڭلارمۇ؟

— ساگدىن سېتىۋالدۇق.

— قاياققا ئېلىپ كېتىۋاتىسىلەر؟

— ئاقسۇنىڭ بوزدۆڭگە.

— پاھ، يولىمىز بىر ئىكەن ـ دە، — دەۋەتتى ئالىم مەرگەن خۇشال بولۇپ

www.uyghurkitap.com

— سەنمۇ بوزدۆڭگە ماڭغانمىدىڭ؟ كىمنىڭكىگە؟

— بوزدۆڭدىكى بەردىبەگنى تونۇمسەن؟

— بەردىبەگ؟ — قىرغىز ئەتراپىغا ھوشيارلىق بىلەن قاراپ قويۇپ، ئالىم مەرگەننىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ كەلدى، — نېمىشقا تونۇمايدىكەنمەن؟ ئۇ بىزنىڭ ئاقساقالىمىز تۇرسا، — قىرغىز بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ يەنە سورىدى، — سېنىڭ بەردىبەگدە بىرەر ئىشىڭ بارمىدى؟

— ياقەي، مۇنداقلا سوراپ قويدۇم، — دېدى ئالىم مەرگەن ئۆزىنىڭ يېنىكلىك قىلىپ بەردىبەگنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ سالغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ، ئەمما قىرغىز كۈچىلاپ سوراۋەردى:

— نەدىن كېلىشىڭ؟

— قەشقەردىن.

— سەن قەشقەردىكى ئىسھاق پەيجاڭ دېگەن قىرغىزنى تونۇمسەن؟

— تونۇيمەن، خوتۇنىنىڭ ئېتى گۈلجەننەتقۇ؟

— بەللى ... بەللى، مۇنداق دە — ... دېدى قىرغىز جانلىنىپ، — ئۇ بىزنىڭ بوزدۆڭلۈك قىرغىز، مېنىڭ يېقىن ئاغىنەم، سەن ئۇنى تونۇغان بولساڭ، مېنىڭمۇ ئاغىنەم ئىكەنسەن، تونۇشۇپ قويايلى. ئىسمىڭ نېمە؟

— سەمەر لاچىن.

— سەمەر لاچىن؟ ھە ... ئەمدى بىلدىم، — دېدى قىرغىز كۆڭلىدە نېمىندۇر ئويلىغاندەك كالپۇكىنى ھىمىرىپ، — سەن بوزدۆڭگە بارىدىغان بولساڭ، ئەڭ

ياخشىسى بىز بىلەن كەت. بولمىسا، بوزدۆڭگە بارىدىغان تەكشۈرۈش ئىچىمىزدىن ھەرگىزمۇ ئۆتەلمەيسەن. قولىمىزدا بوزدۆڭنىڭ يول خېتى بولغاندىن كېيىن سېنى يولدىكى ئەسكەر، ساقچىلارنىڭ تەكشۈرۈشىدىن سالامەت ئۆتكۈزۈپ كېتەلەيمىز.

ئالىم مەرگەن قانداق قىلىشنى بىلەلمەي شوپۇر مەھەممەتتىن مەسلىھەت سورىدى. مەھەممەت ئۇنىڭغا:

— بۇمۇ ياخشى مەسلىھەتكەن، مەن سېنى بوزدۆڭگە يەتكۈزۈپ قويالمىغاندىن كېيىن، بۇلار بىلەن بىللە كەتسەڭمۇ ياخشى. مەن ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە قايتىپ بارغاندا، خا لىيەنجاڭ بىلەن ئىسھاق پەيجاڭغا، سېنى بوز دۆڭگە ساق — سالامەت يۇرۇپ كەتتى، دەپ ئېيتىپ قويىمەن، - دېدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ ماشىنىسىنى ھەيدەپ يۇرۇپ كەتتى.

ئۇنىڭغىچە تامىقىنى يەپ بولغان باشقا قىرغىز تۆگىچىلەر ئاشخانىدىن چىقىپ كەلدى. بايىقى قىرغىز ئۇلار بىلەن بىر - ئىككى ئېغىزلا پاراڭلاشقاندىن كېيىن ئالىم مەرگەننىڭ قېشىغا كېلىپ:

— مېنىڭ ئىسمىم ھېلىمقول، بۇلارنىڭ باشلىقى، قېنى مۇنۇ تۆگىگە مىن، — دېدى. ئالىم مەرگەن ئۆزىگە ئۇزۇقلۇق ئېلىۋالغان خۇرجۇننى تۆگىگە سالدى.

ئوتتۇز نەچچە تۆگە قاتارلىشىپ بوزدۆڭ تەرەپكە يۇرۇپ كەتتى. ئۇلار ئازراق ماڭمايلا ھېلىمقول بېشىدىكى قىرغىز قالپىقىنى ئالىم مەرگەنگە ئۇزىتىپ:

— بېشىڭدىكى دوپپىنى خۇرجۇنۇڭغا سال، مۇنۇ قالپاقنى كىيىۋال، سەنمۇ بىزگە ئوخشاش قىرغىز

بولۇپ ماڭ، ــ دېدى. ئالىم مەرگەن قىرغىزچە قالپاقنى كىيدى. ھېلىمقول قالپاق ئىچىگە كىيگەن قىرغىزچە دوپپا بىلەن قالدى. ھېلىمقول ئالدىدىكى تۆگىدە كېتىۋاتقان بىر قىرغىزغا:

— ھەي ئەبىش! ئاۋۇ ئۇستۇڭدىكى قىرغىزچە پەشمەتنى سېلىپ بەر، ئاۋۇ سەمەر كىيسۇن، — دېدى. ئالىم مەرگەن قىرغىزچە قالپاق بىلەن پەشمەتنى كىيىپ قىرغىزنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشاپ قالدى. بىر چاغدا ھېلىمقول ئالىم مەرگەنگە:

— ئاۋۇ تاغنىڭ ئېغىزىدا ئەسكەرلەر بىزنى تورايدۇ، ئۇلار بىزگە ماۋۇ ئادەمنى كۆرمىگەنغۇ؟ دېسە، بىز بۇغداي قاچىلىغىلى ئەۋەتكەن ئادەم دەيمىز. ئۇلار ئېتىڭ نېمە؟ دەپ سوراپ قالسا، رېھىمقول دەپ جاۋاب بەر. ئۇلار بوشراق گەپ قىلسا ئاڭلىمىغان بولۇپ تۇرۇۋال، بىز قۇلىقى پاڭ دەپ قويىمىز، — دېدى.

— ئەڭ ياخشىسى گاچا بولۇۋالاي، — دېدى ئالىم مەرگەن.

— ئۇنداق بولسا گاچا ھەم پاڭلىقىنى دوراپ كۆرگىنە، — دېدى ھېلىمقول.

ئالىم مەرگەن پاڭ، گاچىنى ئۇستىلىق بىلەن دوراپ بېرىۋىدى، تۆگىچىلەر ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۈچە كۈلۈشتى.

— ھەي سارت؟ شۇنداقمۇ قۇۋ بولامسەن؟ — دېدى ھېلىمقول كۈلكىدىن ئۆزىنى ئاران تۇختىتىپ. ئۇلار تەكشۈرۈش ئېغىزىغا يېتىپ كەلدى. ئېغىزدا تولۇق قوراللانغان ئەسكەرلەر ئۆرە تۇراتتى، ئۇلار تىزىملاش دەپتىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىرىپ تۆگىچىلەرنى بىرمۇ بىر

سىلىشتۇرۇپ چىقتى. نۆۋەت ئالىم مەرگەنگە كەلگەنىدى. بىر ئەسكەر ئۇنىڭدىن گەپ سورىۋىدى، ئالىم مەرگەن بۇتتەك قاراپ تۇرۇۋەردى.

— بۇ كىشىنىڭ قۇلىقى گاس، تىلى گاچا، — دېدى ھېلىمقول. ھېلىقى ئەسكەر ھېلىمقولدىن ئالىم مەرگەننىڭ ئىسمىنى، يېشىنى سوراپ خاتىرىلىۋالدى. تەكشۈرۈش ئېغىزىدىكى ئەسكەرلەر ئىچىدە ئىككى نەپەر قىرغىز ئەسكەر بار ئىدى. ئۇلار بوزدۆڭنىڭ ئىت - مۈشۈكلىرىنىمۇ تونۇيتتى. بىراق، ئۇلار بەردىبەگنىڭ يەر ئاستى پارتىزانلار تەشكىلاتىنىڭ ئادەملىرى بولغاچقا، ھېلىمقول بىلەن ئىتتىك كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋالدى - دە، گەپ قىلماي جىم تۇرۇۋەردى. تۆگىچىلەر شۇنداق قىلىپ تەكشۈرۈش ئېغىزىدىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار تاغنىڭ ئەگرى - توقاي يوللىرى ۋە يايلاقلىرىدىن ئۆتۈپ، تۆتىنچى كۈنى بوزدۆڭدىكى بەردىبەگنىڭ كىگىز ئۆيىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ھېلىمقول ئۆيگە كىرىپ ئالىم مەرگەن توغرۇلۇق مەلۇمات بەرگەن بولسا كېرەك، بەردىبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيدىن چىقتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — سالام قىلدى ئالىم مەرگەن، بۇ يوچۇن كىشىنى چوقۇم بەردىبەگ بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ.

— نەدىن كەلدىڭ؟ — سورىدى بەردىبەگ بۈركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ئالىم مەرگەندىن ئۈزمەي.

— قەشقەردىن.

— ئىسمىڭ نېمە؟

— سەمەر لاچىن!

— ئۇھ، ئۆز ئادىمىمىز ئىكەنسەنغۇ، — بەردىبەگنىڭ چىرايى بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى، — قېنى ئۆيگە كىر، ھېلىمقول!

— لەببەي!

— قوزىدىن چاققان بىرنى سويۇڭلار!

بەردىبەگ ئالىم مەرگەننىڭ ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىن، قاسىم ليەنجاڭ ۋە ئىسھاق پەيجاڭلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.

— خۇداغا شۈكۈر، ھەممىسى ساق — سالامەت، — دېدى ئالىم مەرگەن.

— يەكەن، قاغىلىق، يېڭىسار، تاشقورغان تەرەپلەرنىڭ ئەھۋالىچۇ؟

— ئۇ تەرەپلەردە توقۇنۇشلار ئېغىر، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى خۇددى ئۇششۇك تەگكەن ھەرىگە ئوخشاپ قالدى. خەلق پەيت كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ.

— خا ليەنجاڭ قاچان قوزغىلىدىكەن؟

— مەن دەل مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى تەرەپنىڭ پىكرىنى ئاڭلىغىلى ماڭدىم.

— خەت ئېلىپ ماڭدىڭمۇ؟

— ھەئە.

— خەتنى ناھايىتى چىڭ ساقلا، — دېدى بەردىبەگ، — ئىلى تەرەپكە قاچان ماڭاي دەيسەن؟

— سىز قاچان يولغا سېلىپ قويسىڭىز شۇ چاغدا.

— بۈگۈن، ئەته بىزدە مېھمان بولۇپ ئۆگۈنلۈككە ماڭ، ساڭا ئىككى ئادەمنى ھەمراھ قىلىپ بېرىمەن. ئۇلار سېنى داۋاندىن ساق — سالامەت ئۆتكۈزۈپ قويۇشقا



www.uyghurkitap.com

مەسئۇل بولىدۇ، — دېدى بەردىبەگ.

ھېلىمقول سېمىز قوزىدىن ئىككىنى سويۇپ، ھەش ـ پەش دېگۈچە پارچىلاپ قازانغا تىقتى. قارىغاي ئوتۇنى ئوچاقتا چاراسلاپ كۆيۈۋاتاتتى. ئۇزاق ئۆتمەي قازان پورۇقلاپ قايناشقا باشلىدى.

— ئىسھاق پەيجاڭ سىزنى پارتىزانلار باشلىقى دەۋاتاتتى. قارىسام، بىرەرمۇ پارتىزانىڭىزنى كۆرمەيمەنغۇ؟ — بىر چاغدا سورىدى ئالىم مەرگەن.

— بوزدۆڭدىكى مالچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك پارتىزان، لېكىن قارىساڭ ھەممىسى مالچى، — چۈشەندۈردى بەردىبەگ ئۆسكىلەڭ بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپ، — گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بوز دۆڭگە ئالدىراپ كىرەلمەيدۇ، كىرگەندىمۇ باشقا جايلارغا بارغاندىكىدەك زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلالمايدۇ. سەۋەبى، شۇنداقلا قىلىپ قويسا، كاللىسىغا قاياقتىن ئېتىلغان غايىب ئوق تېگىپ، بۇ يەردىن ساق چىقىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ. لېكىن بىرەر مالچىنى سەن پارتىزان، دەپ تۇتالمايدۇ، چۈنكى قورال بىلەن تۇتالمىغاندىن، كېيىن ھېچكىمنىڭ ئۇنى سەن پارتىزان، دېيىشىگە ئاساسى يوق ـ تە!

— سىلەر مۇشۇنداق ئۆز يېرىڭلارنى قوغداپ يېتىۋېرەمسىلەر؟ باشقا يەرلەردىكى مەسىلەن: ئاقسۇ، بايدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى يوقاتامسىلەر؟

— بۇ ھەممىسى پىلانلىق بولىدىغان ئىش، — قىسقىلا ئېيتتى بەردىبەگ. ئۇنىڭغىچە ئوتتۇرىغا داستىخان سېلىندى، ھېلىمقول يۇمشاق پىشقان قوزا گۆشىنى يوغان

لىگەنلەرگە سۇزۇپ ئىلىپ كىردى. بەردىبەگ بىلەن هىلىمقول ئۆزىنىڭ پىچاقلىرى بىلەن گۆشنى توغراپ يىيىشكە باشلىدى. ئالىم مەرگەنىنىڭ دەستىنىسگە نەقىش ئويۇلغان چىرايلىق يىگىسار پىچىقى بار ئىدى. ئۇ پىچىقىنى غىلىپىدىن ئىلىۋىدى، بەردىبەگ بىلەن هىلىمقولنىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى. ئالىم مەرگەن ئالدىدىكى گۆشنى كىسىپ، پارچىلاپ يىيىشكە باشلىدى.

— بولمىدى، سىنىڭ بۇ گۆشنى توغرىشىڭ سارتچە بولۇپ قالدى، — چاقچاق ئارىلاش دىدى بەردىبەگ، — گۆشنى قىرغىزچە توغرىمساڭ چاندۇرۇپ قويىسەن!

بىر چاغدا بەردىبەگنىڭ كىچىك ئوغلى بەدىش ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

— قولۇڭنى يۇيۇپ گۆش يە، — دىدى بەردىبەگ. بەدىش قولىنى يۇيۇپ داستىخان ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئالىم مەرگەنىنىڭ قولىدىكى پىچاققا قاراپلا تۇرۇپ قالدى.

— يارامدۇ؟ — سورىدى ئالىم مەرگەن.

— سارتلارنىڭ پىچىقى بەك چىرايلىق بولىدىكەن، — دىدى بالا زوقلىنىپ، — قورالغا تىگىشەمسەن؟

— قانداق قورالغا؟

بالا ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇلۇڭدىكى تىزىقلىق يوتقان ـ كۆرپە ئاستىدىن قىسقا ئىستوۋۇللۇق ئاپتوماتنى بىرنى ئالدى:

— مۇشۇنىڭغا.

— بەللى، داداڭغا ئوخشاش ئەزىمەت بوپسەن ـ دە، — هاياجانلاندى ئالىم مەرگەن، — بوپتۇ، پىچاقنى ساڭا سوۋغا قىلاي، ئاپتوماتىڭ ئۆزۈڭگە قالسۇن.

— سەن ئاپتومات ئېتىشنى بىلەمسەن؟
— بىلمەيچۇ، يېڭىسار، يەكەن دېگەن يەرلەردە كۆپ ئۇرۇشلاردا بولغانمەن.
— ئۇنداق بولسا سارتلاردىن چىققان باتۇر ئىكەنسەن، بۇ مېنىڭ ساڭا قىلغان سوۋغىتىم بولسۇن، ئال، — جاھىللىق بىلەن تۇرۇۋالدى بەدىش.
ئالىم مەرگەن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي بەردىبەگكە قارىدى، بەردىبەگ ئۇنىڭغا باش ئىشارىتى قىلىپ:
— كىچىك بالىنىڭ كۆڭلى، ئال، يولدا ھامان ساڭا لازىم بولىدۇ، — دېدى.
ئالىم مەرگەن يولغا چىقىدىغان كۈنى ئاخشىمى بەردىبەگ ھېلىمقول بىلەن ئەبىشنى ئۆيگە چاقىرتتى:
— بۇ سارتنىڭ ئەسلى ئىسمى ئالىم، پارولى سەمەر لاچىن. سىلەر بۇنى باشلاپ ئەتە ئەتىگەندە يولغا چىقىڭلار، — دېدى ئۇ بۇيرۇق ئاھاڭىدا، — ئادەم سانىمىز ئاز دەپ ئەندىشە قىلماڭلار. قولۇڭلاردا ئىلغار تېپتىكى ئاپتومات بولغىنىنى ئۈچۈن، ھەر بىر ئىڭلار دۈشمەننىڭ يۈز ئادىمىگە تەڭ كېلەلەيسىلەر. سىلەر ئىلاج بار يولدىن كېچىسى مېڭىپ كۈندۈزى يوشۇرۇنۇپ ئارام ئېلىڭلار. كۈندۈزى يولدا ماڭساڭلار، گومىنداڭنىڭ چارلىغۇچى ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشىڭلار مۇمكىن. ئەمما ئۇلار كېچىسى چارلاشقا چىقالمايدۇ. بۇ سىلەر يول ماڭىدىغان ئەڭ ئەپچىل پۇرسەت، سىلەر كۆكسايغا بېرىپ رەخىمباينىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ ئارام ئېلىڭلار، ئەتىسى سەھەردە گومىنداڭ چارلىغۇچىلىرى چىقىپ بولغۇچە داۋاندىن ھالقىپ كېتىڭلار. سىلەرنىڭ بۇ

www.uyghurkitap.com

قېتىمقى ۋەزىپەڭلار دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇش ئەمەس، ئالىمنى ساق ـ سالامەت داۋاندىن ئۆتكۈزۈپ ئىلى تەرەپكە يولغا سېلىش، شۇڭا يولدا مۇمكىنقەدەر دۈشمەن چارلىغۇچىلىرى بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىڭلار. ھېلىمقول سەن ئۆيۈڭدىكى جەدەن تۆپەل ئاتنى مىن، ئەبش ئۆزىنىڭ قارا ئېتىنى مىنسۇن، ئالىمغا تور تۆپەل ئاتنى توقۇپ بېرىڭلار. ئەمسە تەييارلىنىپ يولغا چىقىڭلار!

ئۇچەيلەن تەييار قىلىنغان ئاتلارغا مىنىپ، ئاپتوماتلىرىنى ئېسىپ تېزلا يولغا چىقىشتى. ئېگىز تاغ قاپتىلىدىكى تار يولدا ئۇچەيلەن ئۈن ـ تىنسىز قاتارلىشىپ كېتىۋاتاتتى. پەقەت ئاسماندا پارقىراپ يېنىپ تۇرغان يۇلتۇزدىن باشقا ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. گاھىدا تاغ سۇلىرىنىڭ ھەيۋەت شارقىراشلىرى بىلەن بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئالىم مەرگەن ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ، تاغ ئارىسىدىكى بۇ قاراڭغۇچىلىقتا ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەي قالدى. ئەمما يولغا پىششىق تاغ ئاتلىرى تار يولدا تەمتىرىمەي، ئازماي كېتىۋاتاتتى.

ئالىم مەرگەن ئاپتوماتنى مەھكەم تۇتۇۋالغان ھالدا خىيال سۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. «بۇلارنىڭ قولىدىكى ئاپتوماتلار نەدىن كەلگەن بولغىيدى؟ — دەپ سوئال قويانتى ئۆز ـ ئۆزىگە، — گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن غەنىيمەت ئېلىنغان بولغىيمىدى ـ يا؟ ياق. گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قورال ـ ياراغلىرى مۇنداق ئەلغار ئەمەس. بۇ قوراللارنى چوقۇم ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئەۋەتكەن ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كالا، قويلارغا تېگىشكەن».

ئۇلار ئەتىسى سەھەردە كۆكسايغا كېلىپ رەخمباي

ئىسىملىك مالچىنىڭ ئىشكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. رەخىمباي ھېلىمقول بىلەن ئامان ـ ئېسەنلىك سوراشقاندىن كېيىن:

— نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭلار؟ ـ نەگە كېتىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— داۋاننىڭ نېرىسىدا قىلىدىغان ئىش بار، — دېدى ھېلىمقول قىسقىلا قىلىپ، — ئۆيۈڭدە بىر ئاز ئارام ئالماقچىمىز.

— بولمايدۇ، — دېدى رەخىمباي قارشىلىق قىلىپ، — گومىنداڭنىڭ چارلىغۇچى ئەسكەرلىرى ھېلىلا كېلىدۇ. ئۇ چاغدا سىلەرنى نەگە سىغدۇرىمەن؟ ئېتىڭلارنىچۇ؟ ئۇلار ئېتىڭلارنى كۆرۈپ قالدىمۇ بولدى، دەرھال گۇمانى تۇغۇلىدۇ، چاتاقنىڭ چوڭىنى چىقارماي قويمايدۇ.

— ئەمىسە بىزنى قانداق قىل دەيسەن؟ — قايىقىنى تۇردى ھېلىمقول.

— ھازىرلا داۋانغا قاراپ مېڭىڭلار.

— داۋان ئۈستىدە ئەسكەر بارمۇ؟

— بار. ئەمما كۈن چىقمىغۇچە ئۇلار گېزەرمىسىدىن چىقمايدۇ.

ئۇچەيلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۇيقۇسىز ۋە ئاتلارنىڭ ھېرىپ ـ چارچىغىنىغا قارىماي داۋان تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

داۋاننىڭ قاپ بېلىدە ئاق بۇلۇتلار خۇددى تۇماندەك لەيلەپ يۈرەتتى، تاغ چوققىلىرى ئۈستىدىكى ئاپپاق قارلار قۇياش نۇرىدا پارقىراپ كۆرۈنەتتى. ئاتلار داۋانغا

www.uyghurkitap.com

ئۆرلىگەنسېرى تەرلەپ، ھاسىراشقا باشلىدى. رەھىمباينىڭ ئۆيى، كۆپكۆك يايلاق بارغانسېرى پەستە قالدى. بىر چاغدا يۇقىرىدا تاشتىن قوپۇرۇلغان پوتەي غۇۋا كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

— بۇ، داۋاننى بېقىپ ياتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قورغىنى، — دېدى ھېلىمقول ئالىيم مەرگەنگە ئالدىدىكى پوتەينى كۆرسىتىپ، — كېچىكىپ قالدۇق، بۇ چاققىچە ئەسكەرلىرى ئويغىنىپ بولدى ھەقىچان.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— قورغاننى بۆسۈپ ئۆتمەي ئامال يوق.

شۇ چاغدا پوتەي تەرەپتىن بىر ئەسكەر مىلتىقىنى تەڭلىگەن ھالدا خەنزۇ تىلىدا:

— سەنلەر نېمە ئادەم؟! — ۋارقىرىدى.

— قورالنى چاپاننىڭ ئىچىگە تىقىۋالار! — شىۋىرلىدى ھېلىمقول، ئاندىن قاراۋۇلغا جاۋاب بېرىپ دېدى، — بىز كۆكسايىنىڭ مالچىلىرى بولىمىز، بۈگۈن كېچە ئالتە - يەتتە ئېتىمىز داۋاندىن ئىلى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپتۇ. سىلەرنى كۆرگەنمىكىن، دەپ سوراپ كېلىشىمىز!

— ئارقاڭغا قايتىش! بۇ يەردىن ئات ئۆتمىدى!

— ئەمىسە بۇ يەردە بىر ئاز ئولتۇرۇپ قورساق تويغۇزۇۋالايلى!

— يەيدىغان نېمەڭ بار؟

— پىشۇرۇلغان گۆش، قوزا گۆشى!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ پوتەي ئىچىدىكى ئەسكەرلەر يۈگۈرۈپ چىقىشتى. ئۇلار جەمئىي ئالتە ئادەم ئىدى.

— گۆشىگىدىن بىز گىمۇ بەر! — دەپ ۋارقىراشقىلى تۇردى ئۇلار پەسكە يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپ.

— يېقىن كەلگەندە ماڭا ئەگىشىپ ئېتىڭلار! — دەپ شىۋىرلىدى ھېلىمقول. ئەسكەر يېقىنلاشقان ھامان ئۇلار چاقماق تېزلىكىدە ئاپتوماتنى توغرىلاپ ئېتىشقا باشلىدى. ئۈچ ئاپتوماتنىڭ تەڭلا «تا - تات» لىغان ئاۋازى بىلەن تەڭ ئالتە نەپەر دۈشمەن پالاقشىپ يەرگە يىقىلدى. ئوق ئاۋازى تاغ باغرىدا ياڭراپ يىراقلاردا ئەكس سادا بەرمەكتە ئىدى.

ئۈچەيلەن ئاتلىرىنى تېزلىك بىلەن ھەيدەپ داۋاننىڭ ئۈستىگە چىقتى. چەكسىز كەتكەن ئىلى ۋادىسى يىراقتا كۆپكۆك دېڭىزدەك كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

— بىز ئەمدى مەشەدە خوشلىشىمىز، — دېدى ھېلىمقول، — سەن مۇشۇ يولنى بويلاپ ئۇدۇل مېڭىۋەرسەڭ بولىدۇ. خاتىرجەم بول، ئالدىڭدا بايىقىدەك ساڭا مىلتىق تەڭلەيدىغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىمۇ يوق.

— خوش ئەمىسە، — دېدى ئالىم مەرگەن ئۇلاردىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، — مەن سىلەرنىڭ قىلغان ياخشىلىقىڭلارنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن.

— قاچانلىققا قايتىپ كېلىسەن؟ — ئويچانلىق بىلەن سورىدى ھېلىمقول.

— بۇ مېنىڭ ئىختىيارىمدىكى ئىش ئەمەس. ئىنقىلاب مېنى قەيەرگە ئەۋەتسە، شۇ يەرگە بارىمەن.

ھېلىمقول بىلەن ئەبىش داۋان ئۈستىدە تاكى ئالىم مەرگەننىڭ قارىسى يۈتكىچە ئارقىدىن قاراپ تۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئالتىنچى باب

چەكسىز كەڭ ئوپۇق، ياپيېشىل بىپايان يايلاق. بۇ ۋادىنىڭ تاغلىرىمۇ يىراقتىن خۇددى يايلاقتەك ياپيېشىل بولۇپ كۆرۈنەتتى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تاغلىرىدەك ئۆلۈك ۋە تاقىر ئەمەس ئىدى.

ئالىم مەرگەن ئېتىنى يېنىك يورغىلاتقان هالدا ئاتلار يېگىلا تېزەك تاشلىغان كونا يولدا تەخمىنەن پەرەز بىلەن كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا بۇ يەرنىڭ توپا ـ تاشلىرىمۇ، ئوت ـ چۆپلىرىمۇ، هاۋاسىمۇ، ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن ئاقۇش بۇلۇتلارمۇ ... قىسقىسى، هەممە نەرسە يېڭى ۋە ناتونۇش تۇيۇلاتتى. ئۇ بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن يايلاقتا قازاقلارنىڭ تىككەن كىگىز ئۆيلىرى كۆرۈندى. ئەمما ئۇ ئۇلارغا پەرۋاسىز هالدا مىللىي ئارمىيىنىڭ چارلىغۇچى قىسىملىرى بىلەن ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلىپ كونا يول بويلاپ كېتىۋەردى. ئۇ ئۇزاق ئۆتمەي پاكار ئارچا ۋە قارىغايلار كۆكىرىپ تۇرغان تاغ باغرىغا يېتىپ كەلدى. تاغ باغرىدىكى تارغىنا سايدا تاغ سۈيى ئاپئاق كۆپۈكلىرىنى چاچرىتىپ شىددەت بىلەن ئېقىۋاتاتتى.

«ياپىر، بۇ يۇرتتىكى هەممە نەرسىنىڭ خۇددى جېنى باردەكلا تۇيۇلىدىكىنا» هەيران بولۇپ ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ كەتتى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ، ساي بويىغا كېلىپ ئېتىنى سۇغاردى. ئېچىرقاپ كەتكەن ئاتنى بەلگىچە

كېلىدىغان ئوت - چۆپ ئارىسىغا قويۇۋەتتى. ئۆزى خۇرجۇندىن بىر پارچە نان ۋە بەردىبەگنىڭ ئايالى چىگىپ بەرگەن قوزا گۆشىدىن بىر پارچىنى ئېلىپ سۇ بويىغا كەلدى - دە، سۇدىن ئوچۇملاپ ئىچكەچ، نان بىلەن گۆشنى مەززە قىلىپ يېيىشكە باشلىدى. شۇ چاغدا كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىلىقتا كۇتۇلمىگەن بىر ۋەقە يۈز بەردى، ئارقىسىدا شەپىسىز كەلگەن ئادەملەر ئالىمنىڭ بېشىنى قاپقارا بىر نەرسە بىلەن ئورىۋالدى. ئالىم تىپىرلاپ، يۇلقۇنۇپ ئۇلارنىڭ قولىدىن بوشىنىشقا ئۇرۇندى. ئەمما كۈچلۈك بىر نەچچە قول ئالىم مەرگەننىڭ قول، بىلەكلىرىنى ئامبۇردەك قىسىۋالغانىدى.

— ياۋاش بول! نېمە ئادەمسەن؟! — ئالىم مەرگەننىڭ قۇلىقىغا قەھرلىك، قوپال بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ئۆزۈڭلارچۇ؟ ئۆزۈڭلار كىم بولىسىلەر؟ — خىرىلدىدى ئالىم مەرگەن نەپسى بوغۇلۇپ.

— بىز سەندىن سوراۋاتىمىز!

— سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ كىملىكىنى ئاشكارىلىمىساڭلار مەنمۇ دېمەيمەن!

— مەشەدە ئېتىپ تاشلايمىز ھېلى!

— مەيلى، ئىختىيارىڭلار! لېكىن مېنى ئېتىپ تاشلىساڭلار ئۆزۈڭلارمۇ ئامان قالمايسىلەر.

ئالىم مەرگەن كۇسۇرلاشقان ئاۋازنى ئاڭلىدى. لېكىن نېمە دېيىشكىنىنى ئاڭقىرالمىدى. ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ بېشىدىكى تاغارنى ئېلىۋېتىشتى. ئالىم مەرگەن يېنىدىكى ناتونۇش ئىككى ئادەمگە ھەيرانلىق، خاپا بولۇش ۋە قىزىقىش نەزەرىدە ئالىيىپ قارىدى. ئۇلار ئۆشنىسىگە ئاپتومات

ئېسىۋېلىشقان، ئەمما كىيىملىرى بەردىبەگنىڭ ئادەملىرىگە ئوخشاش ھەررەڭ ـ سەررەڭ ئەمەس، بىر خىل ھەربىي فورمىسى ئىدى.

— قاياقتىن كەلدىڭ؟ — قوشۇما قاش ياش ھەربىي يىگىت سوغۇق قانلىق بىلەن سورىدى ئالىم مەرگەندىن.

— زادى سىلەر كىم بولىسىلەر؟ گومىنداڭمۇ ياكى مىللىي ئارمىيىمۇ؟ — سورىدى ئالىم مەرگەننىڭ جەھلى قىپتىپ.

— گومىنداڭ بولساق جېنىڭ ھازىرغىچە ئامان قالاتتىمۇ؟ — بىر خىل مەسخىرە تەلەپپۇزىدا سۆزلىدى يەنە بىر ئاق سېرىق يىگىت، — ئۆشنەڭدىكى قورالىڭغا قاراپلا گەپ ـ سۆز يوقلا ئېتىۋەتكەن بولاتتۇق.

— ئەمىسە مىللىي ئارمىيىنىڭ چارلىغۇچى ئەسكەرلىرى ئىكەنسىلەر ـ دە، — دېدى ئالىم مەرگەن يېنىك تىنىپ.

— تاپتىڭ، ئۆزۈڭ كىم سەن؟ نەدىن كېلىۋاتىسەن؟

— قەشقەردىن كېلىۋاتىمەن. مېنى ناھايىتى تېزلىكتە قوماندانلىق شتابىڭلار بىلەن كۆرۈشتۈرۈشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن.

— نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟

— مۇھىم بىر خەۋەر ئېلىپ كېتىۋاتىمەن.

— بۇ قورالىڭنى قەشقەردىن ئېلىپ كەلدىڭما ئەخمەق؟

— ياق، بوزدۆڭدىكى بەردىبەگنىڭ ئوغلىدىن بىر پىچاققا تېگىشكەنمەن.

— سەن مەيلى ياخشى ئادەم بول، يامان ئادەم بول قورالىڭنى بىزگە تاپشۇرۇشۇڭ كېرەك، — دېدى قوشۇما

قاشلىق يىگىت، ئاندىن ئۇ ئاق سېرىق يىگىتكە بۇيرۇدى، — سەن بۇنى زاستاپقا تاپشۇرۇپ بېرىپ كەل.

ئاق سېرىق يىگىت ئالىم مەرگەننىڭ ئاپتوماتىنى ئېلىپ يەلكىسىگە ئارتقاندىن كېيىن، ئالىم مەرگەنگە:

— قولۇڭنى ئارقاڭغا قىل، — دېدى.

— نېمە قىلماقچىسىلەر؟ — دېدى ئالىم مەرگەن خاپا بولۇپ.

— ئەپۇ قىل، بۇ بىر ھەربىي قائىدە، — دېدى ئۇ، - قولۇڭنى باغلايمىز، كۆزۈڭنى تاڭىمىز. سېنى شۇ ھالەتتە زاستاپقا ئېلىپ بارىمىز.

ئىككى جەڭچى ئالىم مەرگەننى قولىنى كەينىگە باغلانغان، كۆزى تېڭىلغان ھالەتتە ئېتىغا مىندۈردى:

— ئاتتا چىڭ ئولتۇر، يىقىلىپ چۈشمە! — دېدى قوشۇما قاشلىق ئەسكەر. ئاق سېرىق يىگىت ئالىم مەرگەننىڭ ئېتىنى يېتىلىگىنىچە تاغ ئىچىگە يۈرۈپ كەتتى.

ئالىم مەرگەن ئۆزىنىڭ ئات ئۈستىدە كېتىۋاتقانلىقىنىلا بىلەتتى، ئەمما ئۆزى ھېچ نەرسىنى كۆرمەيتتى. ئاق سېرىق يىگىت ئالىم مەرگەننى زاستاپقا ئېلىپ كەلدى. ئالىم مەرگەننى ئاتتىن چۈشۈرۈپ، ئۇنى يېتىلەپ زاستاپ كوماندىرىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىردى:

— دوكلات، كوماندىر! بىز يايلاقنى چارلاۋېتىپ، بۇ قوراللىق ئادەمنى تۇتۇپ كەلدۇق، — دېدى ئۇ.

— كۆزىدىكى لاتىنى يېشىۋەت.

ئاق سېرىق يىگىت ئالىم مەرگەننىڭ كۆزىنى تېڭىۋەتكەن قارا لاتىنى يېشىۋەتتى. ئالىم مەرگەننىڭ ئالدىدا ئۆزۈن بۇرۇتلۇق، كۆزلىرى چوڭ - چوڭ قىررىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

ياشلاردىكى ھەربىي كىشى قارىغاي ياغىچىدىن ياسالغان قوپال ئورۇندۇق ئۈستىدە ئولتۇراتتى.

— نېمە ئادەمسەن؟ — سورىدى كوماندىر.

— پارتىزانمەن.

— نەدىن كەلدىڭ؟

— قەشقەردىن.

— نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟

— سىلەرنىڭ قوماندانلىق شتابىڭلار بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن.

— نېمە گېپىڭ بولسا ماڭا ئېيتىۋەر، — دېدى كوماندىر.

— ياق، مەن، گېنېرال ئىسھاقبەگنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈشۈم كېرەك.

— ئاخبارات ئېلىپ كەلگەنمىدىڭ؟

— ھەئە، شۇنىڭغا يېقىنراق.

كوماندىر ئالىم مەرگەننى شۇ كۈنىلا ئىككى ئەسكەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ھەربىي ماشىنا ئارقىلىق غۇلجىغا ماڭدۇردى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ قولىمۇ باغلانمىدى، كۆزىمۇ تېڭىلمىدى. يولدا ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈۋاتقان ھەربىي ماشىنىلار، ئاتلىق ئەسكەرلەر ئۇلارغا پات - پات ئۇچراپ تۇراتتى.

— بۇ ئەترابتا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى يوق ئىكەن - دە، — ھاياجانلىنىپ سورىدى ئالىم مەرگەن.

— گومىنداڭ دەمسىنا؟ ئۇ نىجىسلارنىڭ بۇ يەردىن قوغلانغىنىغا خېلى زامان بولدى، — دېدى يېنىدىكى ئەسكەر ماختىنىپ.

— ئەمما، بىزنىڭ يۇرت ھېلىمۇ گومىنداڭچىلار-

نىڭ قولىدا، — ئالىم مەرگەن ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىپ قويدى.

— خاتىرجەم بول، پات ئارىدا ئۇ يەرلەرنىمۇ گومىنداڭنىڭ قولىدىن ئازاد قىلىمىز، — دېدى ئەسكەر بىر خىل ئىشەنچ بىلەن.

ئالىم مەرگەننىڭ ئىسھاقبەگ بىلەن كۆرۈشۈشى ئۇچۇن يەنە كىملەرنىڭدۇر سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشكە توغرا كەلدى. ئالىم مەرگەن غۇلجا شەھىرىگە يېتىپ بېرىپ ئەتىسى گېنېرال ئىسھاقبەگ بىلەن كۆرۈشتى. ئىسھاقبەگ بەستلىك ۋۇجۇدىدىن باتۇرلۇق ۋە ھوشيارلىق يېغىپ تۇرىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ئالىم مەرگەننى ناھايىتى مېھرىبانلىق ۋە ئوچۇق چىراي بىلەن كۈتۈۋالدى.

— مەن قەشقەردىكى گومىنداڭ ئاتلىق پولكىدىكى قاسىم ليەنجاڭنىڭ سىزگە يازغان بىر پارچە مەخپىي خېتىنى ئېلىپ كەلگەن، — دېدى ئۇ ۋە شۇ يەردىلا ئوڭ پۇتىدىكى ئايىغىنى سېلىپ، پاشنىسىنى قايرىپ چەمىدىن ئاجراتتى-دە، ئاياغ پاشنىسىدىكى تىينچىلىك چوڭلۇقتىكى بىر پارچە خەتنى ئېلىپ گېنېرال ئىسھاقبەگكە ئۇزاتتى. ئىسھاقبەگ خەتكە ئىنچىكىلىك كۆز يۈگۈرتۈپ، ئۇنى ئالدىرىماي ئوقۇپ چىقتى.

قاسىم ليەنجاڭ خېتىدە ئۆزىنىڭ بىر ليەن ئەسكىرى بىلەن قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ھازىر قەشقەر شەھىرىدىكى زىيالىيلار، مارالۋېشى، پەيزىۋات، يېڭىسار، يەكەن ... قاتارلىق جايلاردىكى مەخپىي پارتىزانلار تەشكىلاتى بىلەن ئالاقىلىشىۋاتقانلىقىنى، ئۇلار قوزغىلاڭ كۆتۈرسە، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ياردەم بېرەلەيدىغان-

بېرەلمەيدىغانلىقىنى، بۇ ھەقتە كونكرېت يوليورۇق بېرىشىنى تەلەپ قىلغانىدى. ئىسھاقبەگ خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، دەقىقە ئويلىنىۋالدى، ئاندىن خەتنى خۇرۇم تاشلىق سومكىسىغا سېلىۋېتىپ:

— سىز جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىقىغا دائىر ناھايىتى مۇھىم خەۋەرنى ئېلىپ كەپسىز. خەتتە ھەربىي ئىشلارغا دائىر مۇھىم مەسىلىلەر سورىلىپتۇ، بۇنىڭغا يالغۇز مەنلا جاۋاب بېرەلىشىم مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بۇ توغرۇلۇق ئەخمەتجان ئەپەندىگە دوكلات قىلىپ ئۇنىڭ يوليورۇقىنى ئېلىشىم كېرەك، ئۇنىڭغىچە سىز غۇلجا شەھىرىدە خالىغانچە ئويناپ، تاماشا قىلىپ تۇرسىڭىز بولىدۇ. سىزنىڭ تاماق، ياتاق ۋە خەج - خىراجەتلىرىڭىزنى نۆۋەتچى ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرىدۇ، — دېدى.

تۆت كۈندىن كېيىن نۆۋەتچى ئەسكەر ئالىم مەرگەنگە ئۆزىنى گېنېرال ئىسھاقبەگنىڭ چاقىرغانلىقىنى ئېيتتى. ئىسھاقبەگ گىلەم سېلىنغان ئازادە ئىشخانىسىدا خۇرۇم بىلەن قاپلانغان كرىسلودا ئولتۇرغان ھالدا خەرىتىدىكى قەشقەر رايونىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىغا كۆز تىككىنىچە ئويلىنىپ ئولتۇراتتى. ئالىم مەرگەن ئىشخانىسىغا كىرگەن ھامان ئۇ بېشىنى كۆتۈردى - دە، ئۇنى كرىسلوغا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— سىز ئېلىپ كەلگەن خەتنى ھەربىي كېڭەش مۇزاكىرە قىلدى، — دېدى گېنېرال ئىسھاقبەگ قولىدىكى قېرىنداشنى بارماقلىرى ئارىسىدا پىرقىراتقىنىچە، — بىزنىڭچە مۇزاكىرە خۇلاسىسىنى ۋە قارارىنى قاسىملىيەنجاڭغا خەت ئارقىلىق خەۋەرلەندۈرۈش ناھايىتى ئەپسىز بىر ئىش. چۈنكى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى جەنۇبىي

شىنجاڭ يول ئېغىزلىرىنى قاتموُقات قامال قىلىۋالغاچقا، خەت ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشى، بۇ ئارقىلىق ئىنقىلابقا زور زىيان يېتىشىمۇ مۇمكىن، شۇڭا بىز قارارنى سىزگە ئاغزاكىلا ئۇقتۇرىمىز. بىز جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ۋەتەنپەرۋەر ھەربىي، ھەر مىللەت زىيالىيلىرى ۋە دېھقانلارنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۆرىشىنى قەتئىي قوللايمىز، لېكىن بىز جۇغراپىيىۋى جەھەتتىكى قولايسىزلىق تۈپەيلىدىن ھازىرچە سىلەرگە ئەسكىرىي كۈچ جەھەتتىن بىۋاسىتە ياردەم بېرىشەلمەيمىز، لېكىن بىز مۇھىم ھەربىي ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن بولغان ئاقسۇ رايونىغا ئەسكەر كىرگۈزۈش ئارقىلىق، بۇ يەردىن سىلەرگە جازا يۈرۈش قىلىش ئېھتىمالى بولغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قوشۇنلىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، قەشقەردىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى ياردەمچىسىز قالدۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن سىلەرگە ياردەم بېرىمىز. لېكىن سىلەر شۇنىڭغا سەگەك بولۇشۇڭلار كېرەككى، تەييارلىقسىز جەڭنى قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇنداق قىلىش ئەكسىچە ئىنقىلابنى زىيانغا ئۇچرىتىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

ئىسھاقبەگ قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى مەسىلىسى، خائىن - ساتقۇنلاردىن ئاگاھ بولۇش مەسىلىسى قاتارلىق مۇھىم جەھەتلەردە يوليورۇق بەردى. گېنېرال ئاخىرىدا:

— سىزنى داۋان ئارقىلىق قايتۇرۇش ئىمتايىن خەتەرلىك، ئىگىلىشىمىزچە ئۇلارنىڭ داۋاندىكى ئەسكەرلىرى بىلەن تۇتۇشۇپ قالغاندىن كېيىن، ئۇلار داۋان ئېغىزىدىكى ئەسكەرنى كۆپەيتكەن. بىز سىزنى ئەڭ ياخشىسى يولۇچى قىياپىتىدە ياساندۇرۇپ، ئۇرۇمچىگە يولغا سالايلى،

ئۈرۈمچىدە سىزنى تاھىروپ ئىسىملىك بىر كىشىنى كۈتۈۋالىدۇ. ئۇ سىزنى قەشقەرگە يولغا سېلىش ئىشىغا مەسئۇل بولىدۇ، — دېدى.

ئالىم مەرگەننىڭ ئۈرۈمچىگە قىلغان سەپىرى ھەر ھالدا ئوڭۇشلۇق بولدى. ئۇنى ماشىنىسىغا سېلىۋالغان شوپۇر ئۈرۈمچىگە كەلگەن ئاخشىمىلا ئالىم مەرگەننى دۆڭكۆۋرۈكتىكى بىر ماشىنىچىلىق دۇكىنىغا ئېلىپ كەلدى. تاھىروپ مۇشۇ دۇكاننىڭ خوجايىنى ئىكەن. ئۇ شوپۇر بىلەن نېمە توغرىلىقتۇر سۆزلىشىۋالغاندىن كېيىن، شوپۇرنى ئۇزىتىپ قويۇپ دۇكانغا كىرىپ:

— بۇ يەردە خاتىرجەم تۇرۇۋېرىڭ، مەن سىزنى قەشقەرگە تېزرەك يولغا سېلىشنىڭ ئامالىنى قىلىمەن، — دېدى. ئالىم مەرگەن ئىككى كۈن ئۈرۈمچى كوچىلىرىنى ئايلىنىپ، تاماشا قىلىپ يۈردى. ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە، تاھىروپ كۈتۈلمىگەندە ھېلىقى مەھەممەت شوپۇرنى ئۆيگە باشلاپ كىردى.

— يائاللا، ئىككىنچى قېتىم يەنە ئۇچراشتۇققۇ؟ — دېدى شوپۇر ئالىم مەرگەننىڭ قولىنى قىسىپ.

— نېمە؟ ئىككىڭلار تونۇشىدىغان ئوخشىمامسىلەر؟ — سورىدى تاھىروپ.

— تونۇشمايچۇ، بۇ ئىنىمنى قەشقەردىن ئاقسۇغىچە ئېلىپ كەلگەنمۇ مەن، ئەمدى قەشقەرگە يەنە ئۆزۈم ئېلىپ كېتىدىغان بولدۇم ـ دە، — دېدى مەھەممەت شوپۇر كۈلۈپ.

ئۇلار ئاززاقتىن چاي ـ پاي ئىچىشتى ـ دە، قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىشتى.

# يەتتىنچى باب

قاسىم لىيەنجاڭ ئۆزىنىڭ ياۋاغدىكى ئۆيىدە ئالىم مەرگەن بىلەن بىر كېچە سۆزلەشتى. ئالىم مەرگەن گېنېرال ئىسھاقبەگنىڭ ئاغزاكى بۇيرۇقىنى قاسىم لىيەنجاڭغا بىرمۇبىر يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ غۇلجىغا بېرىش ۋە قايتىش سەپىرىدىكى كۆرگەن، بىلگەنلىرىنى قىزىقىپ سۆزلەپ بەردى. قاسىم لىيەنجاڭنىڭ كۆزلىرىنىڭ باشقىچە چاقناۋاتقانلىقىدىن، ئالىم مەرگەننى تاماقتا ئارقا - ئارقىدىن زورلاشلىرىدىن، ئۇنىڭ ئالىم مەرگەننىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىدىن تولىمۇ مەمنۇن بولغانلىقى، گېنېرال ئىسھاقبەگنىڭ بۇيرۇقىدىن چوڭقۇر ئىلھام ئالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— مانا، ئوغۇل بالا! سەن ۋەزىپىنى ئورۇنداش يولىدا كۆپ جاپا تارتتىڭ، ھەم ۋەزىپىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنداپ كەلدىڭ. رەخمەت! ... ئۆتكەن قېتىمدا ئىسھاق پەيجاڭ سېنى، بۇ ھەقىقىي ئەزىمەت، قولىدىن ئىش كېلىدىغان جەگەرلىك يىگىت، دەپ تونۇشتۇرسا سەل ئىشەنمەي قالغانىكەنمەن. ئىشەنچەمنى ئاقلىدىڭ! بىز ساڭا يەنە ۋەزىپە تاپشۇرساق قانداق دەيسەن؟

— گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىدىن ئۆچ، ئىنتىقام ئېلىپ، ئۇلارنى يوقىتىدىغانلىكى ئىش بولسا، ھەر قانداق

www.uyghurkitap.com

ئىشنى جان تىكىپ قىلىشقا رازىمەن، — دېدى ئالىم مەرگەن كۆپ ئويلىنىپ تۇرمايلا.

— خوپ، ئۇنداق بولسا سېنى قوشنا ناھىيىلەردىكى يەر ئاستى تەشكىلاتلىرى بىلەن ئالاقىلىشىشقا، ئۇلارنى تەشكىللەش، قوشۇننى كېڭەيتىش ئىشىنى ئىشلەشكە بەلگىلىدىم، — دېدى قاسىم لىيەنجاڭ، شۇ چاغدا قاسىم لىيەنجاڭنىڭ شەخسىي مۇھاپىزەتچىسى (ئادىيو تانتى) ساۋۇت ئىسىملىك ئەسكەر چاي كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى چوقۇر بولۇپ، ئۇ بىر قاراشتىنلا ئالىم مەرگەندە يېقىمسىز تەسىرات پەيدا قىلدى.

— ساۋۇت بەنجاڭ يېنىدا ئېسىقلىق تۇرغان سومكىدىن بىر نەچچە ۋاراق قەغەزنى ئالدى — دە، قاسىم لىيەنجاڭغا ئۇزاتتى.

— مۇشۇ ئىسىملار، — دېدى قاسىم لىيەنجاڭ ئالىم مەرگەنگە، - ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى تايانچ تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى، ئوقۇپ باق.

— مەن خەت بىلمەيمەن، — دېدى ئالىم مەرگەن ئوڭايسىزلانغان ھالدا.

— ئاپلا، بۇ ئىشىڭ بولمايدىكەن، — دېدى قاسىم لىيەنجاڭ بېشىنى چايقاپ، — شۇنچىۋالا زور ئىشنى قىلىش قولۇڭدىن كېلىدىكەنغۇ، خەت ئوقۇش قولۇڭدىن كەلمىسە، بۇ قانداق بولۇپ كەتكىنى ئالىم مەرگەن؟

ئۇ قەغەزنى قولىغا ئېلىپ مارالۋېشى، ئاتۇش، پەيزىۋات، تاشقورغان، يېڭىسار، يەكەن ... قاتارلىق جايلاردىكى ئالاقە تۈگۈنلىرى ۋە ئالاقە قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ئىسىملىكىنى ئوقۇپ بەردى. ئالىم مەرگەن گۇمانسىراپ

ساۋۇت بەنجاڭغا قارىتىپ، قاسىم لىيەنجاڭ:

— خاتىرجەم بول، ساۋۇت بەنجاڭ مېنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمىم، — دېدى.

ئالىم مەرگەن ئەتىسىلا ئاتۇشقا يۈرۈپ كەتتى. قاسىم لىيەنجاڭ سۆزۈك ئەپەندىنى ئۆيىگە چاقىرتىپ كەلدى. سۆزۈك ئەپەندى قەشقەر ئۆيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، خېلىدىن بېرى قاسىم لىيەنجاڭ بىلەن ئۇلپەتداشلىقى بار ئىدى.

سۆزۈك ئەپەندىنىڭ جامائەتچىلىك ئارىسىدا يۇقىرى ئىناۋىتى بولۇپ، شەھەر پۇقرالىرىنىڭ بىر نەچچە قېتىملىق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى نامايىشىغا باشچىلىق قىلغانىدى.

— مەن سىزگە دېگەن ھېلىقى ئالاقچى يىگىت مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ يولىيورۇقىنى ئېلىپ كەلدى، — دېدى قاسىم لىيەنجاڭ، — قوراللىق قوزغىلىڭىمىزنى قەتئىي قوللايدىكەن، ئەمما تەييارلىقىمىزنىڭ پۇختا بولۇشىنى ئېيتىپتۇ. يولىيورۇقنىڭ مەزمۇنىدىن ھېس قىلىشىمچە، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاقسۇ رايونىغا قوشۇن ئەۋەتىدىغانلىقى ئېنىق. بۇ ماھىيەتتە بىز ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق، قانداق دېسىڭىز، ئۇلار ئۆز قوشۇنى ئارقىلىق قەشقەرگە ياردەمگە كېلىدىغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ، دېگەن سۆز. ئەگەر بىز تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ، يىراق - يېقىن ئۆز ئارا ياخشى ماسلىشالايدىغانلا بولساق، بۇ يەردىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى تەلتۆكۈس يوقىتىشىمىز ئانچە قىيىنغا چۈشمەيدۇ. سىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەييارلىقىڭىز قانداق،

سۈزۈك ئەپەندى؟

— بىزنىڭ بىرلا سىگنال بىلەن سىلەرگە ماسلىشالايدىغانلىقىمىزدا گەپ يوق، — دېدى سۈزۈك ئەپەندى، — بىراق قولىمىزدا قورال بەك ئاز، ھەتتا يوق دېيەرلىك.

— ۋاقتى كەلگەندە مەن ياردەم قىلىمەن. ھازىر ئەڭ مۇھىمى ئۆز ئادەملىرىمىزنىڭ تەشكىلىي جەھەتتىكى تەييارلىقىنى پۇختا قىلىش.

— بۇنى تەلەپتىكىدەك قىلىشقا تىرىشىمەن. ھازىر بىلىشۋالاي، سىز ماڭا قانچىلىك بىر نەرسە بېرەلەيسىز، خا ليەنجاڭ؟

— ھازىرچە ئالتە مىناميوت، ئەللىك تالچە مىلتىق، ئون نەچچە ئاپتومات، ئىككى دانە پىلىموت، ئوق - دورىلار، گىرانات ...

— بۇ يېتىشمەيدۇ، خا ليەنجاڭ!

— يېتىشمىگەننى ئولجا - غەنىيمەت بىلەن تولدۇرىسىلەر.

ئىككەيلەن خېلى ئۇزۇنغىچە مەسلىھەتلەشتى، كېڭىشىش، تالاش - تارتىش يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلدى. سۈزۈك ئەپەندى قاسىم ليەنجاڭنىڭ مۇشۇ ئۆيدە قونۇپ قېلىشىنى، دېگىنىگە ئۇنىماي ماڭغانلىقتىن ساۋۇت بەنجاڭ ئۇنى ئۆيگىچە ئاپىرىپ قويىدىغان بولدى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەن بىر كۈنى ئىسھاق پەيجاڭ قاسىم ليەنجاڭنىڭ ئىشخانىسىغا ئۆڭسۈلىنى ئۆچكەن، ئالدىرىغان بىر ھالەتتە كىرىپ كەلدى:

— چاتاق چىقتى، — دېدى ئۇ پەس، ئەمما جىددىي

ئاۋازدا.

— نېمە ئىش بولدى؟

— ھېلىقى تېز ىملىكتىكى كىشىلەرنىڭ بىر نەچچىسى قولغا ئېلىنىپتۇ. ئەنە قاراڭ، — دېدى ئىسھاق پەيجاڭ دېرىزىدىن سىرتنى كۆرسىتىپ، قاسىم ليەنجاڭ ئالدىراپ دېرىزە يېنىغا كەلدى ـ دە، كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. تولۇق قوراللانغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ھەر قايسى جايلاردىكى مەخپىي تەشكىلاتنىڭ مەسئۇللىرىنى ھەربىي تۇرمە تەرەپكە يالاپ ئەكىرىپ كېتىۋاتاتتى.

— ماۋۇ، كېتىۋاتقىنى ئالىمغىلا ئوخشايدىغۇ؟

— ياق، ئالىم ئاتۇشقا بېرىپلا ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كېتىپتۇ.

— بۇ چوقۇم، ئاشۇنىڭ ساتقىنلىقى! ـ دېدى قاسىم ليەنجاڭ غەزەپتىن بوغۇلۇپ.

— ياق ـ ياق، ـ قارشى چىقتى ئىسھاق پەيجاڭ، ـ ئالىمنىڭ ساتقىن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ياق، زادىلا.

— ئەمىسە ئۇلارنى ساتقان كىم؟

— بۇنى ھوشيارلىق بىلەن ئېنىقلاپ باقساق بولىدۇ. ئىنقىلابچىلارنىڭ تېخى ھېچ ئىشىنى ۋۇجۇدقا چىقارمايلا دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، قاسىم ليەنجاڭ ئىچ ـ ئىچىدىن ئازابلانماقتا ئىدى. خائىن ـ ساتقۇننىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي بېشى قاتاتتى. مەخپىي تېزىملىكنى پەقەت بىر نەچچە ئادەملا بىلەتتى. خائىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زادى قايسى بولۇشى مۇمكىن؟

قاسىم ليەنجاڭ ئۆيىدە كېچىگىچە خىيال سۈرۈپ

www.uyghurkitap.com

ئولتۇرۇپ دېرىزە سىرتىدا بىر نەرسىنىڭ غىل ـ پال ئۆتۈپ كەتكەن قارا سايىسىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، تاپانچىسىنى يالىڭاچلاپ يۇگۇرۇپ دەرىزە يېنىغا كەلدى، دېرىزە تۈۋىدىكى يوغان قارىياغاچقا نامەلۇم بىر گەۋدە چاپلىشىپ تۇراتتى.

«هەي ئىسىت، ئارىمىزدىن خائىن چىققان ئىكەن ـ دە، — دەپ ئويلىدى خالىيەنجاڭ قارىياغاچ تۈۋىدىكى گەۋدىدىن كۆزىنى ئۈزمەي، ـ بۇ ئەبلەخ كىم بولغان بولغىيدى؟»

خالىيەنجاڭ تەرەتكە چىقىش باھانىسىدە ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ باقماقچى بولدى. ئۇ تاپانچىسىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ ئىشىكنى تاراقشىتىپ ئېچىشىغا، نامەلۇم گەۋدە دەرھال قارىياغاچتىن ئاجرىدى.

— مەن.

— قايسىڭلار بۇ؟ — خاتىرجەم ھالدا سورىدى خالىيەنجاڭ.

— ھە، ئەخمەت بەنجاڭمۇ سىز؟ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ تۇرىسىز؟

— پوستلارنى تەكشۈرۈپ چىققانىدىم. سىلىنىڭ خاتىرجەم ئۇخلاشلىرى ئۈچۈن پوستلارنى كۈچەيتمىسەك بولمايدۇ ئەمەسمۇ؟

خالىيەنجاڭ ھېچنېمە ھېس قىلمىغاندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى ـ دە، ھاجەتخانىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ھاجەتخانىدىن چىققاندا ئەخمەت بەنجاڭنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. «ھۇلەنتى ئىپلاس! سەن مەلئۇن چايانىنى ئۆز ئادىمىم دەپ يۈرۈپتىكەنمەن تېخى، خائىن، ئىشپىيون ئىكەنسەن ئەمەسمۇ» دەپ ئويلىدى خالىيەنجاڭ.

ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە ئىسھاق پەيجاڭنى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى.

— ئەخمەت بەنجاڭ خائىن ئىكەن، — دېدى ئۇنىڭغا. ئىسھاق پەيجاڭنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى:

— ئەمىسە ئۇنى بىر ئامال قىلىپ ئۇجۇقتۇرۇۋېتەيلى، — دېدى ئۇ، — ياق، ئۇنداق قىلساق چاندۇرۇپ قويىمىز. سەن ئۇنى ھازىرلا ئەسكەرلىرى بىلەن قىزىل دەرياسى بويىغا تال كېسىشكە ماڭدۇر. ئاندىن پەيجاڭلارنى ئالدىمغا چاقىر.

ھايال ئۆتمەي ئاتلىق ليەن قارمىقىدىكى پەيجاڭلارنىڭ ھەممىسى خاليەنجاڭنىڭ ئىشخانىسىغا يىغىلدى. خا ليەنجاڭ، ليەندە ھازىر مەخپىي ئىشپىيونلارنىڭ بار ئىكەنلىكىنى، ھەممەيلەننىڭ ئەخمەت بەنجاڭدىن ئاگاھ بولۇش كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

— مەن ئۇ مەلئۇننىڭ ئىشپىيون ئىكەنلىكىنى بۇرۇنلا بايقىغان، — دېدى ئىسكەندەر پەيجاڭ.

— بايقىغان بولساڭ نېمىشقا ئۆز ۋاقتىدا ماڭا دوكلات قىلمىدىڭ؟ — قاپىقىنى تۈردى خاليەنجاڭ.

— دوكلات قىلغۇدەك پاكىتىم يوق ئىدى. كۆڭلۈمدە شۇنداق ئويلىغان.

ھەممەيلەن كۈلۈشتى.

شۇ كۈنى كەچتە، ئەخمەت بەنجاڭ ئۆزىچىلا خا ليەنجاڭنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ، خاليەنجاڭغا خۇشامەت قىلغىلى تۇردى. ئاخىرىدا ئۇ:

— خا ليەنجاڭ خەۋەر تاپتىمىكىن، سۇپاخۇن تۇەنجاڭ بىر تۇەن ئەسكەرنى باشلاپ مىللىي ئارمىيىگە ئۆتۈپ

كېتىپتۇ، — دېدى. ئۇنىڭ مەقسەتلىك ھالدا گەپ ئالماقچى ئىكەنلىكىنى خا لىيەنجاڭ دەرھال سېزىپ قالدى.

— يوق گەپنى قىلما! — دېدى ئۇ ئەخمەت بەنجاڭنى مەقسەتلىك سىلكىپ.

— يالغان ئەمەس راست گەپكەن، گافۇگۇەن شۇنداق دەۋاتىدۇ.

— ھە، ئۆتۈپ كەتسىمۇ كەتكەندۇ. سەن بۇنىڭ نېمىسىگە قىزىقىپ قالدىڭ؟

— ھى ... ھى ... ھى ... ئەمدى دەيمىنا ...، — دېدى ئۇ ساختا كۈلۈپ.

خا لىيەنجاڭ غەزەب بىلەن جوزىنى مۇشتلىدى:

— ئەبلەخ! سەن نېمە دەۋاتقىنىڭنى بىلەمسەن؟ ھوشۇڭنى يىغ، بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن، ماڭ چىق!.

يېرىم سائەتتىن كېيىن ئىسھاق پەيجاڭ خا لىيەنجاڭنىڭ قېشىغا كىرىپ كەلدى.

— ئەخمەت دېگەن ھېلىقى ئىپلاس يۇ تۇەنجاڭنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كېتىۋاتىدۇ، مېنىڭچە ئۇ بىر ئاخباراتنى يەتكۈزگىلى ماڭغان گەپ. ئاندىن ئۇ گافۇگۇەننىڭ بۈگۈن چۈشتىن كېيىن بىر لىيەن ئەسكەرنى باشلاپ كونسۇلباغدىكى مازارلىقتا گۆر كولىغىلى چىقىدىغانلىقىنى، بۇنىڭغا قارىغاندا تۈرمىدىكى مەھبۇسلارنىڭ بىر قىسمىلىرىنىڭ قەتل قىلىنىش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى.

— سەن بۈگۈن كېچە بىر ئامال قىلىپ سۆزۈك ئەپەندى بىلەن كۆرۈش، ئۇ توققۇزاقتىكى، ئوپالدىكى يوشۇرۇن

قوزغىلاڭچى تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقە باغلىسۇن، بىز قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ ۋاقتىنى تېزلىتەيلى، — دېدى خا لىيەنجاڭ ئويچان، پەرىشان بىر ھالدا.

دېگەنكىدەك ئەتىسى ئەتىگەندە يەتتە نەپەر مەھبۇس ھەيدەپ چىقىلدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەر قايسى جايلاردىكى يوشۇرۇن ئىنقىلابىي تەشكىلاتلارنىڭ باشلىقلىرى ئىدى، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئۇلارنى سېپىل تۇۋىگە قاتار تىزدى. خا لىيەنجاڭ دېرىزىدىن ئۇلارغا كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. تۇرپانلىق خالىق ئىسىملىك جاللات قىزىل خالاتنى كىيگەن ھالدا، ئۆتكۈر خەنجەرنى چىڭ تۇتقىنىچە بۇيرۇق كۈتۈپ تۇراتتى. بۇيرۇق بېرىلدى.

خالىق جاللات، مەھبۇسلارنىڭ يۈرىكىگە بىر - بىرلەپ خەنجەر ئۇردى، ئۇ ھەر قېتىم خەنجەر ئۇرغاندا خەنجەردىكى قان يۇقىنى بىر قېتىم يالايتتى.

خا لىيەنجاڭ كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا:

— ئەلۋىدا ... قېرىنداشلىرىم! سىلەرنىڭ قىساسىڭلار چوقۇم ئېلىنماي قالمايدۇ، — دەپ پىچىرلىدى.

# سەككىزىنچى باب

يۇ تۇەنجاڭ ئەخمەت بەنجاڭنىڭ بەرگەن گۇمانىي ماتېرىيالىغا ئاساسەن خالىيەنجاڭ بىلەن ئىسھاق پەيجاڭنى مەخپىي قولغا ئېلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇنى بېجىرىشكە يۇ تۇەنجاڭنىڭ فۇگۇەنى گافۇگۇەن مەسئۇل بولدى. ئۇ شۇ كۈنى كەچتە خالىيەنجاڭنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپلا:

— يۇ تۇەنجاڭ جانابلىرى سىزنى مۇھىم بىر سۆھبەتكە تەكلىپ قىلىدۇ، ـ دېدى.

خالىيەنجاڭ يۇ تۇەنجاڭنىڭ ئىشخانىسىدىن ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى پەرەز قىلدى ـ دە، بىرىنچى بولۇپ يۇ تۇەنجاڭنى ئېتىپ تاشلاپ تاكى تاپانچىسىدا ئاخىرقى بىر تال ئوق قالغۇچە ئېتىشىپ، ئاخىرقى بىر ئوق بىلەن ئۆزىنى ئۆزى ئېتىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. لېكىن قۇۋ، ھىيلىگەر دۈشمەن ئۇنىڭ بۇ مەقسىتىنى ئالللىقاچان بىلىۋالغانىدى. شۇڭا خا لىيەنجاڭ يۇ تۇەنجاڭنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەن ھامان گافۇگۇەن:

— خالىيەنجاڭ، تاپانچىڭىزنى پوستقا بېرىپ قويسىڭىز، ـ دېدى.

خا لىيەنجاڭ ئۆزىنىڭ نېمىشقىدۇر بۇرۇنراق قوزغىلاڭ كۆتۈرمىگىنىگە پۇشايمان قىلىپ، تاپانچىسىنى پوستقا تاپشۇردى ـ دە، يۇ تۇەنجاڭنىڭ ئالدىغا كىردى. يۇ تۇەنجاڭنىڭ چىرايىدا ياۋۇزلۇق ئىپادىسى ئەكس ئېتىپ

تۇراتتى. خالىيەنجاڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئۇنىڭغا سالام بېرە ـ بەرمەيلا، بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭدىن ئىتتىلىپ چىققان ئەسكەرلەر ئۇنى چەمبەرچاس باغلىۋالدى.

— يۇ تۇەنجاڭ! بۇ نېمە ئىش؟ بۇ نېمىدېگەن يولسىزلىق؟ — دېدى خا لىيەنجاڭ غەزەپلىنىپ يۇ تۇەنجاڭ مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى:

— سىزنىڭ ئىشلىرىڭىزچۇ؟ سىزنىڭ مەخپىي قىلىۋاتقان ئىشىڭىز يوللۇقمۇ؟

— مەن نېمە ئىش قىپتىمەن؟

— نېمە ئىش قىپتىمەن، دېدىڭىزما؟ خۇپسەنلىكتىن نېمە پايدا! مەن ھەممە ئىشىڭىزدىن ئاللىقاچان خەۋەر تاپقانمەن. بىلىپ قېلىڭ! سىز ۋاپاغا جاپا قىلدىڭىز، پىرقىمىزگە ساداقەتسىزلىك قىلدىڭىز، ھەتتا ئۇنى ئاغدۇرماقچى بولدىڭىز.

يۇ تۇەنجاڭنىڭ ئىشخانىسىدىكى سوئال ـ سوراق خېلى ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتى. دەل شۇ ئاخشىمى، سۇزۇك ئەپەندىنىڭ قېشىدىن قايتىپ كېلىۋاتقان ئىسھاق پەيجاڭمۇ دەل شۇنداق ئۇسۇلدا قولغا ئېلىندى.

خا لىيەنجاڭ بىلەن ئىسھاق پەيجاڭ بىر كامىرغا سولانغانىدى.

— ھەي، بىز كېچىكىپتۇق، ئەقىلسىزلىق قىپتۇق، — دېدى خا لىيەنجاڭ ھەسرەتلىنىپ، — سۇزۇك ئەپەندى بىلەن كۆرۈشەلىگەنمىدىڭ؟

— كۆرۈشتۇم، ئۇلار بىزگىلا قاراپ تۇرغانىكەن.

— قورال ـ ياراغنى قانداق ھەل قىپتۇ؟

— سوۋېت كونسۇلخانىسى تەمىنلەپتۇ.

شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىغا چاچلىرى ئۆسۈپ پاخپىيىپ كەتكەن، چىرايىنى قويۇق ساقال ـ بۇرۇت قاپلىغان بىر كىشى كېلىپ ئولتۇردى.

— سەن كىم بولىسەن؟ — قاراڭغۇدا پەرق ئېتەلمەي سورىدى خالىيەنجاڭ.

— رادىك بولىمەن.

— ۋاي ... تاشقورغاندىكى مەخپىي تەشكىلات باشلىقىمۇ؟

— باشلىق دېگىلى بولمايدۇ، ھەر ھالدا ئىنقىلابقا سادىق پىدائىيمەن.

— ئاۋۇ بۇلۇڭدا ياتقان ئادەمچۇ؟

— بىلمىدىم، ئۇ قىيىن ـ قىستاق تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ قالايلا دەپتۇ. ئۇ سوراقتا ھېچنېمە دېمىگەنمىش.

خالىيەنجاڭ بىلەن ئىسھاق پەيجاڭ ئاستا سۈرۈلۈپ بۇلۇڭغا باردى. ئالىم مەرگەن ئۆلۈك سىياقىدا ياتاتتى.

— بىلمەپتۇق. بۇمۇ قولغا ئېلىنغان ئىكەن ـ دە، — دېدى خالىيەنجاڭ.

ئالىم مەرگەن بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ھوشىغا كەلدى. تاياق زەربىسىدىن بەدەنلىرىنىڭ ساق يېرى قالمىغانىدى.

— ئارىمىزدا خائىن بار ئىكەن — ... شىۋىرلىدى ئۇ ھوشىغا كېلىپ، — خالىيەنجاڭ بىلەن ئىسھاق پەيجاڭنى كۆرۈپلا، — ئۇنىڭ مەخپىي تىزىملىكتىن خەۋىرى بار ئىكەن. مەن ئاتۇشقا بېرىپ ئابدۇرۇسۇل ھاجىنى ئىزدەپ ئۆيىگە كېتىۋاتاتتىم. دەرۋازىنىڭ ئالدىغا بېرىشىمغىلا قوراللىق ساقچىلار ئۆينى تۇتۇپ چىقىشتى. مەن ئارقامغا

بۇر ۇلۇشۇمغىلا ئۇلار مېنى قوغلاشتى. مەن قاچتىم، كاساپەت ... پۇتۇمغا ئوق تېگىپ كەتتى ـ دە، بولمىسا ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشمەيتتىم.

دەرۋەقە، ئالىم مەرگەننىڭ پۇتىدىكى جاراھەت ئېغىر ئىدى. جاراھەت ئېغىزى يىرىڭداپ كەتكەنىدى. خا لىيەنجاڭ بىلەن ئىسھاق پەيجاڭ پاختا بىلەن كىگىزنى كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى جاراھەت ئېغىزىغا بېسىپ پۇتىنى سېپىپ كېتىشتىن ساقلاپ قالدى.

بىر كۈنى كېچىدە تۇيۇقسىز ئېتىلغان ئوق ئاۋازى ئۇلارنى ئويغۇتۇۋەتتى. مىلتىق بىلەن پىلىموت سېپىل ئۈستىدىن پەسكە قارىتىلىپ ئېتىلىۋاتاتتى. ئەسكەرلەرنىڭ ۋارقىراپ ـ جارقىراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئېتىشىش بىر سائەتچە داۋام قىلدى. ئەتىسى ئەتىگەندە تاماق توشۇغۇچى قېرى مەھبۇس ئۇلارغا تۆۋەندىكىلەرنى سۆزلەپ بەردى:

— قىرىق ـ ئەللىكچە قوراللىق ئادەم سېپىل ئاستىدىن لەخمە كولىغانىكەن. لېكىن ئۇلارنى سېپىل ئۈستىدىكى پوست سېزىپ قاپتۇ، نەتىجىدە ئىككى تەرەپ ئېتىشىپ كېتىپتۇ. گومىنداڭ تەرەپتىن ئون ئالتە ئەسكەر، قوراللىق كىشىلەر تەرەپتىن ئۈچ ئادەم چىقىم بوپتۇ.

— بۇ چوقۇم سۈزۈك ئەپەندىنىڭ پىلانلىشى بىلەن قىلغان ھەرىكەت، — دېدى خالىيەنجاڭ ئىسھاق پەيجاڭغا پىچىرلاپ، — سۈزۈك ئەپەندى ئۆزىنىڭ مەخپىي قوراللىق پارتىزانلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، سېپىل ئاستىدىن لەخمە كولاپ بىزنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقماقچى بولغان، لېكىن مەقسىتىگە يېتەلمىگەن.

— توغرا، مەنمۇ شۇنداق پەرەز قىلغان، — دېدى

www.uyghurkitap.com

ئىسھاق پەيجاڭ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ.

ئىككى كۈندىن كېيىن خالىيەنجاڭنى سوراقتا ئايلىپ چىقىشتى، ئۇنى يۇ تۇەنجاڭنىڭ ئۆزى سوراق قىلدى.

— بۇ قانداق ئىش خا لىيەنجاڭ؟ — سورىدى يۇ تۇەنجاڭ بىر خىل ئەسەبىي كەيپىياتتا، — مەن سىنى ئۇنداق قىلار دەپ ئويلىمىغان، ھەم مۇشۇنداقمۇ كۆرۈشۈپ قالارىمنى بىلمىگەن ...

— ھېچ ئىش بولغىنى يوققۇ، يۇ تۇەنجاڭ.

— ھېچ ئىش بولغىنى يوقمىش تېخى! ھىم! ... مەن سىنىڭ ھەممە مەخپىي ھەرىكەتلىرىڭنى بىلىپ يەتكەنمەن. سەن ئىلى ئوغرىلىغا دوست تارتىپ، بىزنىڭ ئىچىمىزدىن پارتلىتىپ يوقاتماقچى بولغانسەن. بىراق، پىلانىڭ ئەمەلگە ئاشماي قالدى ـ دە، بۇلا ئەمەس، تېخى سىنى تۈرمىدىن ئوغرىلاپ قاچماقچى بولغانلارنىمۇ يەر بىلەن يەكسان قىلدۇق.

خا لىيەنجاڭ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى، يۇ تۇەنجاڭ ئاغزىغا كەلگەنچە ماختىنىپ لاپ ئۇرۇۋاتاتتى.

— ئەمىسە ئىش پۈتۈپتىغۇ؟ ـ دېدى خا لىيەنجاڭ خاتىرجەم ھالدا

— نەدىكىنى؟ — ۋارقىرىدى يۇ تۇەنجاڭ زەھەرخەندىلىك بىلەن، — سەن ۋاپاغا جاپا قىلغان تۈزكورسەن. سەن بىرقىمىزگە قانداق ساداقەتسىز قىلغانلىقىڭنى، بىزگە قارشى قانداق مەخپىي تەشكىلاتلارنى قۇرغانلىقىڭنى ئىقرار قىلماي قۇتۇلالمايسەن!

ئەمما، يۇ تۇەنجاڭ خا لىيەنجاڭنىڭ ئاغزىدىن بىر ئېغىزمۇ گەپ ئالالمىدى، ئىسھاق پەيجاڭمۇ شۇنداق قىلدى.

يۇ تۆەنجاڭغا بۇ ئىككىيلەن ناھايىتى زور خەۋپ مەنبەسى بولۇپ تۇيۇلۇۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ بۇ ئىككىيلەننى دەرھال قەتل قىلىش توغرىسىدا گافۇگۇەنگە بۇيرۇق چۈشۈردى، بۇيرۇق يېرىم كېچىدە ئەتراپتىكى ھەممە جانلىق، — ئەسكەرلەرمۇ، مەھبۇسلارمۇ ئۇيقۇغا كەتكەن بىر چاغدا سېپىل تۈۋىدە ئىجرا قىلىندى. سېپىل تۈۋىدىكى چوڭقۇر ئازگال بېشىدا خالىق جاللات بىلەن ئەخمەت بەنجاڭنىڭ قارا سايىسى كۆرۈندى. خالىەنجاڭ بىلەن ئىسھاق پەيجاڭ بېشىغا تاغار كىيدۈرۈلگەن ھالدا ئازگال بويىغا كەلتۈرۈلگەنىدى. جاللاتنىڭ قانلىق قىلىچى ئىككىيلەننىڭ بېشىنى تېزلا تېنىدىن جۇدا قىلدى. ئەخمەت بەنجاڭ ئىككى باشنى قىلىچقا سانجىپ يۇ تۆەنجاڭنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەتتى. خالىق جاللات باشسىز تەننى بىرلا تېپىپ ئازگالغا چۈشۈرۈۋەتتى. يۇ تۆەنجاڭ بۇ ئىككى باشنى سېپىل سىرتىغا بىر ھەپتە ئېسىپ قويۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

تۈرمىنىڭ قاراڭغۇ، زەي كامىرىدا رادىك بىلەن ئالىم مەرگەنلا قالغانىدى. ئۇلار خالىەنجاڭ بىلەن ئىسھاق پەيجاڭنىڭ قەھرىمانلارچە قۇربان بولغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن قىرى گۇندىپاي ئالىم مەرگەننى تۈرمە ھويلىسىنى سۈپۈرۈپ ئادالاشقا ئېلىپ چىقتى. ئالىم مەرگەن ئاقساپ ئارانلا ماڭاتتى.

— ھەي ... جىنايىتىڭ نېمە؟ — سورىدى قىرى گۇندىپاي

— ئوغرى — ... دەپ جاۋاب بەردى ئالىم مەرگەن.

— نېمە ئوغرىلىغان؟

www.uyghurkitap.com

— تۆگە.

— ئەخمەق! مۇشۇ توكۇر تۇرقۇڭدا جىنسىغا تۇشلۇق ئىش قىلساڭچۇ، — دېدى قېرى گۇندىپاي مەسخىرىلىك كۇلۇپ، ئۇ بۇ توكۇر مەھبۇسنى تۇرمە خىزمىتىگە سالسا، ھېچ يەرگە قېچىپ كېتەلمەيدۇ، دەپ ئويلىدى — دە، شۇ كۇندىن ئېتىبارەن ئۇنى تۇرمە ئاشخانىسىغا سۇ تۇشۇتۇش، ھويلا سۇپۇرگۇزۇش ... ھاجەتخانا ئادالىتىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىشقا بەلگىلىدى. ئالىم مەرگەن شۇ چاغدىلا خا لىيەنجاڭ بىلەن ئىسھاق پەيجاڭنىڭ دەھشەتلىك ئۆلتۇرۇلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. ئۇ نەچچە كۇنگىچە ئىچىدە يىغلاپ چىقتى.

«خەپ، ئەكسىيەتچى مۇناپىقلار، مەن ھاياتلا بولسام سەنلەردىن ئۆچ ئالماي قويمايمەن. چوقۇم قىساس ئالىمەن!» دەيتتى ئۇ غەزەپلىك مۇشتۇمىنى تۇگۇپ. ئۇ كېيىنچە لىيەندىكى ھەربىي ئاتلارغا يەم — خەشەك، ئوت — بوغۇز بېرىدىغان ئىشلارنىمۇ قىلىدىغان بولدى. ئۇ ئاتلارنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۇرۇپ — ئاتخانىنىڭ يېنىدىكى يوغان ئىسكىلاتنىڭ ئوق — دورا ئامبىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا ناھايىتى كۆپ ئوق — دورىدىن باشقا ئېغىر، يېنىك تېپتىكى قوراللارنىڭمۇ كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. ئامبار ئەتراپىنى ئەسكەرلەر قاتتىق كۆزەت قىلاتتى. ئامبارنىڭ ئۇستىگە نەچچە قەۋەت قۇرۇق بېدە بېسىلغانىدى. بۇنى كۆرۇپ ئالىم مەرگەننىڭ كۆڭلىگە تۇيۇقسىز بىر پىلان كەچتى. ئۇ بۇنىڭ ئۇچۇن ئۆلۇپ كەتسىمۇ، ئويلىغىنىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى. گۇركىرەپ شامال چىققان بىر كېچىسى ئۇ ياتىقىدىن ئاستا

سوغۇرۇلۇپ چىقتى ـ دە، ئات ئېغىلى يېنىغا ئۆمىلەپ كەلدى. سېپىل ئۈستىدە پوستتىكى ئەسكەرلەر ئۇياق ـ بۇياق مېڭىپ يۈرۈشەتتى. ئۇ پەم بىلەن لاپاس ئۈستىگە يامىشىپ چىقتى ـ دە، بېدە ئارىسىدا سەرەڭگە يېقىشقا باشلىدى. قۇرۇق بېدىگە تېزلا ئوت تۇتاشتى، ئالىم مەرگەن ياتاقتىن قانداق شەپىسىز چىققان بولسا، يەنە شۇنداق پەم بىلەن ياتاققا كىرىۋالدى، بىر نەچچە ئىشچى مەھبۇسلار خورەك تارتىپ بەخىرامان ئۇخلاۋاتاتتى. شامالنىڭ گۇركىرەپ ئۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ لاپاس ھەش ـ پەش دىگۈچە ئاسمان ـ پەلەك ئوت يالقۇنى ئىچىدە قالدى. سېپىلدىكى پوست ئۇ چاغدىلا ئەس ـ ھوشىنى يىغىپ، مىلتىقىدىن ئوق چىقاردى ۋە سېپىلدا ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئەمما ئۇ كېچىككەنىدى، لاپاستىكى ئوت يالقۇنى تېزلىكتە ئامبارنىڭ ئۈستىدىكى قۇرۇق بېدىگە تۇتاشتى، غايەت زور ئوت يالقۇنىنى كۆرۈپ ئەسكەرلەر ئۈۋىسى بۇزۇلغان ھەرىلەردەك تەرەپ ـ تەرەپكە يۈگۈرۈشەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي قۇلاقنى يارغۇدەك دەھشەتلىك پارتىلاش ئاۋازى ئاڭلاندى، يەر ـ جاھان تىترەپ كەتتى. ئامباردىكى پارتلىغان ئوق ـ دورا بىلەن تەڭ ئەسكەرلەر ياتقان گېزەرمە، يۇ تۇەنجاڭنىڭ ئائىلە قورۇسى قىپقىزىل ئوت يالغۇنى ئىچىدە قالدى. ئوتتا كۆيۈۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ داد ـ پەريادلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، پارتلاش ئاۋازىغا قوشۇلۇپ قەشقەر شەھىرىنىڭ كېچە ئاسمىنىدا خۇددى قىيامەت قەييۇم بولغاندەك دەھشەتلىك بىر مەنزىرىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ئالىم مەرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قاچتى، پولىك شتاب دەرۋازىسى

ئېچىۋېتىلگەن، ساق قالغان ئەسكەرلەر سىرتتا قاچماقتا ئىدى. ئالىم مەرگەن سېپىل ياقىلاپ قېچىپ دەرۋازىدىن تېزلا چىقىۋالدى. ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلىنىپ پارتلاۋاتقان ئوق ـ دورىنىڭ قاتتىق زەربىسى ئىچىدە ھەممەيلەن ئۆز غېمى بىلەنلا قالغاچقا، ئالىم مەرگەن بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. ئۇ شۇ قاچقانچە ياۋاغ دەرۋازىسىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، دوقمۇشتىن ئېتىلىپ چىققان بىر نەچچە ئادەمنىڭ قۇۋۋەتلىك قوللىرى ئۇنى بۇركۈتتەك قامالاپ تۇتۇۋالدى.

— نېمە ئادەم سىلەر ...؟ — دېدى ئالىم مەرگەن ئۇلارنىڭ قولىدىن بوشىنىشقا ھەرىكەت قىلىپ.

— قورقماڭ، بىز سۇزۇڭ ئەپەندىنىڭ ئادەملىرى، — دېدى ئۇلار، — بىز ھەممىدىن خەۋەر تاپتۇق، قالتىس ئىش قىلدىڭىز ئاغىنە!

سۇزۇڭ ئەپەندى ئۇنى كونا بىر ناۋايخانىدا ساقلاپ تۇرغانىكەن.

— ئەمدى سىزگە بۇ يەردە تۇرۇش خەتەرلىك، — دېدى سۇزۇڭ ھاجى سۆھبەت ئاخىرىدا، ـ بىز سىزنىڭ بۇ يۇرتتىن كېتىشىڭىز ئۈچۈن يېتەرلىك ئىقتىساد تەييارلاپ قويدۇق. بىز سىزنى خوتەنگە ئەۋەتىپ پاناھلاندۇرساق قانداق؟ ئۇ يەردە مېنىڭ ئىشەنچلىك كىشىلىرىم بار.

— ياق، مەن ئەڭ ياخشىسى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنى ئىزدەي، مەن ئۇلارغا قوشۇلۇپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىشىم كېرەك.

— بۇمۇ ياخشى گەپ، — دېدى سۇزۇڭ ئەپەندى ئالىم مەرگەننىڭ يەلكىسىگە ئۇرۇپ، — ئۇنداقتا سىز ھازىرچە

مۇشۇ ناۋايخانىدا مۆكۈنۈپ تۇرىسىز، بىز بىر ئامال قىلىپ سىزنى سودىگەر قىياپىتىدە ياساندۇرۇپ ئاقسۇغىچە يولغا سالىمىز.

— مەن ئۆتكەندە ئاقسۇ بوزدۆڭدىن ئىلىغا ماڭغاندا يولدا بىر قېتىم مېڭىپ باققان، ئۇ يول تولىمۇ خەتەرلىك ئىكەن. مېنىڭچە يول ئۇزۇنراق بولسىمۇ ئۈرۈمچى ئارقىلىق ئىلىغا ماڭغىنىم تۈزۈك، — دېدى ئالىم مەرگەن.

ئالىم مەرگەن ئۈچ كۈندىن كېيىن قەشقەردىكى سىتۋىنىس شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچىگە مال يۆتكەپ ماڭغان خىزمەتچىسى قاتارىدا قارا ماشىنىدا ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ چاغدا ئوتتىن ئۆزىنى ئارانلا ساقلاپ قالغان يۇ تۇەنجاڭنىڭ تۇتۇش بۇيرۇقىغا ئاساسەن، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن قەشقەر شەھەرلىك باش ساقچى ئىدارىسىنىڭ ساقچىلىرى ئالىم مەرگەننى تۇتۇش ئۈچۈن شەھەرنىڭ ئۆي - ئۆيلىرىنى ئاختۇرۇپ يۈرەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# توققۇزىنچى باب

ئالىم مەرگەن غۇلجىغا ئۆتۈپ مىللىي ئارمىيە سېپىگە كېلىپ قوشۇلدى. ئۇ گېنېرال ئىسھاقبەگ بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن ئىسھاقبەگ ئۇنى ئىككى كۈندىن كېيىن ئۆز ئىشخانىسىدا قوبۇل قىلدى. گېنېرال ئالىم مەرگەننىڭ چىراي - تۇرقىنى ئۇنتۇمىغانىكەن.

— ھە، ئامان كەپسەن، بۇ قېتىم يەنە بىزگە قانداق مەلۇمات ئېلىپ كەلدىڭ؟ — دېدى ئالىم مەرگەننىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ. ئالىم مەرگەن خائىنلارنىڭ ساتقۇنلىقى تۈپەيلىدىن خا ليەنجاڭ بىلەن ئىسھاق پەيجاڭلار ۋە باشقا قوزغىلاڭچىلارنىڭ قانداق ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، قىسقىسى، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— بۇ بىر ۋاقىتلىق ھادىسە، — دېدى ئىسھاقبەگ قاپىقىنى تۈرۈپ، — گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى ھامان ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ قىلىمىز، جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنى خۇددى بۇ يەردىكىدەك ئازادلىققا ئېرىشتۈرىمىز.

ئالىم مەرگەن ئۆزىنىڭ مىللىي ئارمىيە سېپىدە جەڭچى بولۇپ ئىشلەپ قېلىش تەلىپىگە ئاساسەن، سوپاخۇننىڭ نىلقىدا تۇرۇشلۇق قىسمىغا تەقسىم قىلىندى. ئۇ يەردە ھەر كۈنى ھەربىي مەشىق ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇنىڭدىن ئالىم

مەرگەننىڭ ئىچى پۇشتى، ئۇ قانلىق جەڭ قىلىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يوقىتىشنى ئويلايتتى. ئۇ بىر كۈنى ئەسكەرلەرنىڭ يېنىغا ئەھۋال سوراپ كىرگەن سۇپاخۇن تۆەنجاڭنىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىپ، ئۆز كۆڭلىدىكىنى سۆزلەپلا كەتتى:

— تۆەنجاڭ، بىز نېمىشقا بۇ يەردىكى كۆكسۇ، قوشتاي، نارات، ئاق داۋان تاغلىرىنى بېقىپلا ياتىمىز؟ ھازىر باشقا قىسىملار قاتتىق ئۇرۇش قىلىۋېتىپتۇ. بىزنىڭمۇ قولىمىزدا قورال بولغاندىن كېيىن، بىكار نان يەپ ياتماي جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلساق بولمامدۇ؟ ئۇ يەردىكى قېرىنداشلىرىمىز زالىملارنىڭ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلۇمى ئاستىدا بىر كۆزىدىن قان، بىر كۆزىدىن ياش تۆكۈلگەن ھالدا ياشىماقتا، بىز ئۇلارنى قاچان ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرىمىز؟

سۇپاخۇن تۆەنجاڭ ئالىم مەرگەننىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا مېھربانلىق بىلەن كۈلۈپ قويدى.

— مېنىڭمۇ قوشۇننى باشلاپ ھازىرلا ماڭغۇم بار، — دېدى ئۇ كۆڭلىدىكىنى ئېيتىپ، — بىراق قوماندانلىق شتابى بۇ توغرۇلۇق بۇيرۇق بەرمىسە، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ھەرىكەت قىلغىلى بولمايدۇ — دە.

— قوماندانلىق شتابىغا تەلەپ قويايلى، — دەپ چۇرقىراشتى ئەسكەرلەر.

سۇپاخۇن كۆڭلىدە ئەسكەرلەرنىڭ دەل مۇشۇنداق دېيىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ شۇ كۈنىلا بىرىنچى قەدەمدە ئاقسۇ رايونىغا يۈرۈش قىلىش توغرۇلۇق قوماندانلىق

شىتابىغا دوكلات سۇندى، قوماندانلىق شىتابى ئۇنىڭ بۇ دوكلاتىنى تېزلا تەستىقلىدى، ئەسكەرلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن قىزغىن تەنتەنە قىلىشتى.

سۇپاخۇن ئاقسۇ رايونىغا قانداق يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا ئەسكەرلەرگە مۇنداق دېدى:

— بىزنىڭ باي ناھىيىگە ئۇدۇل چۈشۈشىمىز خەتەرلىك، بىز ئەڭ ياخشىسى چاقماق بىلەن كۆك يوتا ئارقىلىق چوڭ قۇشتايغا چۈشۈپ، قارا دالانى كېسىپ، توغراسۇ ئارقىلىق داۋانغا كەلسەك، ئاندىن داۋاندىن چۈشسەك بولىدۇ.

— ئۇنداق بولسا داۋانغا ئادەم ئەۋەتىپ بېقىشىمىز كېرەك، — دېدى كىمدۇر بىرەيلەن. سۇپاخۇن ئالىم مەرگەنگە ئىككى ئەسكەرنى قوشۇپ داۋانغا ماڭدۇردى. ئۇلار بىر نەچچە كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ:

— مۇز داۋاندا دۈشمەن ئەسكەرلىرى يوقكەن، مۇز چاپىدىغان سۇپۇرگە ئاخۇن بار ئىكەن، — دەپ دوكلات قىلدى.

— بىراق، بۇ يولنى بىلىدىغان ئادەم يوق، — دېدى سۇپاخۇن. شۇ ئارىلىقتا بايلىق يۈسۈپ بەكرى ئىسىملىك ئەسكەر:

— داۋاندىن قېيىرغىچە بولغان ئارىلىقنى مەن ياخشى بىلىمەن، — دېدى.

قوشۇن داۋان ئۈستىگە كەلگەندىن كېيىن يۈسۈپ بەكرىنىڭ يول باشلىشى بىلەن داۋاندىن چۈشۈشكە باشلىدى. داۋان ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ، مۇزلار ئۆسۈپ كەتكەنىدى. ئاتلارنىڭ تېيىلىپ ھاڭغا چۈشۈپ كېتىشىدىن



www.uyghurkitap.com

ساقلىنىش ئۈچۈن، ئاتلارنىڭ پۇتلىرىغا كىگىز ئوراشقا بۇيرۇق بېرىلدى، قوشۇن داۋاندىن ئوڭۇشلۇق چۈشكەندىن كېيىن، قېيىر يېزىسىنىڭ شىمالىي تاغ ئېغىزىدا بىر كېچە قونۇپ تاڭ سەھەر بىلەن قېيىرغا يۈرۈش قىلدى. قېيىرنى بىر پەي دۈشمەن ئەسكىرى بېقىپ ياتقانىكەن. قوشۇن ئۇلارنى چاقماق تېزلىكىدە قورشاپ ئىسكەنجىگە ئېلىپ، بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە تەلتۆكۈس يوقاتتى. قوشۇن قېيىردا ئىككى كۈن ئارام ئالدى، دۈشمەن پوزىتسىيىسىدە ئوق - دورا ۋە سودىگەرلەردىن بۇلىۋالغان شاڭ - ماتالار كۆپ ئىدى. سۇپاخۇن ئولجا ئېلىنغان بۇ نەرسىلەرنى بېقىشقا بىر نەچچە ئەسكەرنى قالدۇرۇپ قويۇپ قالغانلىرىنى بايغا قاراپ يۈرۈش قىلىشقا بويرۇدى. باي ناھىيىسى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ئىشغال قىلىندى. قارشىلىق قىلغانلىرى ئۆلۈپ قىرىق - ئەللىكچە دۈشمەن ئەسكىرى ئەسىرگە چۈشتى.

سېپىل ئىچىدە دۈشمەنلەر بېسىپ قويغان نەچچە مىڭ توپ ماتا بار ئىدى. بۇ ماتالارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا ھەركىم ھەر نېمە دېيىشتى. سۇپاخۇن ئەڭ ئاخىرىدا:

— بۇ ماتالارنى ئېلىغا ماڭدۇرايلى، مىللىي ئارمىيىدىكى جەڭچى - ئوفىتسېرلار پۇتىغا يۆگىسۇن، قورال - ياراغ سېتىۋېلىشتىمۇ ھېساب، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن ماتالار ئاتلارغا ئارتىلىپ ئېلىغا ماڭدۇرۇلدى.

ئۇلار داۋاملىق ئاقسۇ تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلىدى، بىر چاغدا ئالدىن يۈرگۈچى ئەسكەرلەر قارا باغ تەرەپتىن بىر مۇنچە ئاتلىق قىرغىزلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇلار ئۆزلىرىنى بوزدۆڭ پارتىزانلىرى، دەپ تونۇشتۇرغانلىقىنى

ئېيتتى.

— بوز دۆڭدىكى پارتىزانلار باشلىقىنىڭ ئىسمى بەردىبەگ، ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى تونۇيمەن، — دېدى ئالىم مەرگەن.

سۇپاخۇن ئۇلارنى باشلاپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى، ئون نەچچە ئاتلىق پارتىزانلارنى بەردىبەگ باشلاپ كەلگەندى. ئالىم مەرگەن ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ بەردىبەگ بىلەن كۆرۈشتى. بەردىبەگ سۇپاخۇن بىلەن تىنچ - ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. ئاندىن:

— ياقىئېرىقتىكى دۈشمەن ئىستىھكامى بىر قەدەر پۇختا، ئەسكىرى سانسىمۇ كۆپ، شۇڭا سىلەرگە ياردەملەشكىلى كەلدۇق، — دېدى.

— ھەممىڭلارغا رەھمەت! — دېدى سۇپاخۇن خۇشال بولۇپ. ئۇلار ياقىئېرىققا كەلگەندىن كېيىن دۈشمەن ئىستىھكامىنىڭ ھەقىقەتەن پۇختا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. قاتار سېلىنغان دۈشمەن پوتەيلىرى يىراقتىن چوقچىيىپ كۆرۈنەتتى. ئۇنى بىرلا ھۇجۇم بىلەن ئالغىلى بولمايدىغاندەك قىلاتتى، سۇپاخۇن ئەسكەرلىرىنى ئىككى سەپكە بۆلدى ۋە ئۇلارنى ئۇدۇل، ياندىن ھۇجۇم قىلىشقا، بەردىبەگنىڭ ئەسكەرلىرىنى شىمالىي تەرەپتىن ئىسكەنجىگە ئېلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئۇلارنى يىراقتىنلا كۆرۈۋالغان بولسا كېرەك، ئۇلار بىرىنچى بولۇپ مىللىي ئارمىيىگە پىلىموتتىن ئوق چىقاردى. دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى ناھايىتى شىددەتلىك ئىدى. ئۇلار پىلىموتتىن، ئاپتوماتتىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇۋاتاتتى. ئالغا

ئىلگىرىلىگەن ئەسكەرلەردىن بىر نەچچىسى قۇربان بولدى. ئۆز سەپداشلىرىنىڭ دۈشمەن ئوقىدا ھالاك بولۇپ كەتكەنلىكىگە چىدىمىغان مۆمىن تالىپ ئىسمىلىك جەڭچى:

— خەپ! مەن قەسەم ئىچىمەنكى، مەن ياكى دۈشمەنگە ئۆز قېنىمنى ئىچۈرىمەن ياكى ئۇلارنىڭ قېنىنى ئىچىمەن، — دەپ ۋارقىرىدى - دە، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا دۈشمەن ئىستىھكامىنى پىلىموتقا تۇتۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەننىڭ ئوق كۈچى ئاجىزلىشىشقا باشلىدى.

— ھەممىڭلار ئالغا! ھۇجۇمغا ئۆتۈڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى ئوفىتسېر ئەمەت تەلەش، بىر قانچە جەڭچىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ ھۇجۇمغا ئۆتتۈۋىدى، دۈشمەن ئوقى تېگىپ قۇربان بولۇپ كەتتى. ئەمەت تەلەش ئۇنىڭ بىلەن كارى يوق، جەڭچىلەرنى ئىللاپ ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇق قىلىۋىدى، بىر تال دۈشمەن ئوقى ئۇنىڭ سول قولىقىنىڭ تۈۋى تەرىپىدىن تېگىپ، ئۇستۇنكى تۆت تال ئېزىق چىشىنى ئۇچۇرۇپ ئېلىپ كەتتى. ئۇ ئەمدى گەپتىن قالغانىدى، تاشنىڭ ئارقىسىدا ئوڭدا ياتاتتى. شۇ چاغدا سۇپاخۇن جەڭچىلەرنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى ۋە پىلىموت بىلەن گراناتنى تەڭلا ئىشقا سېلىپ ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق بەردى. مىللىي ئارمىيىنىڭ ئوق ۋە گراناتلىرى دۈشمەن پوتىيىگە مۆلدۈردەك ياغماقتا ئىدى. بۇ ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن دۈشمەن ئەسكەرلىرى پوتەيدىن قېچىپ چىقىپ مۇزات دەرياسىغا سەكرەشكە باشلىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي بۇ قورغان ئىشغال قىلىندى. جەڭدىن كېيىن قۇربان بولغان جەڭچىلەرنىڭ جەسىتى بىر يەرگە

يىغلىدى. ئۇلارنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈپ دەپنە قىلىنغانىدى. ئۇلارنىڭ قەبرىسى ئالدىدا سۇپاخۇن قايغۇلۇق ھالدا مۇنداق دېدى:

— ئەلۋىدا قېرىنداشلار! سىلەرنىڭ ھۆرلۈك ۋە ئازادلىق ئۈچۈن ئۆز ھاياتىڭلارنى تەقدىم قىلغانلىقىڭلارنى ۋەتەن، خەلق مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ. سىلەرنىڭ بۇ باتۇرانە روھىڭلار كېيىنكى ئەۋلادلار قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ. سىلەر بىلەن بىز ئۇزۇن ۋاقىت بىر سەپتە تۇرۇپ دۈشمەنگە قارشى قانلىق كۈرەش قىلغان، بىللە تاماق يېگەنىدۇق. بۇ جەرياندا قاتتىق - يىرىك سۆزلىشىپ قالغان بولساق رازى بولۇڭلار. ئەلۋىدا! خۇدا سىلەرگە ئىمان بەرسۇن، جەننەت ئاتا قىلسۇن ...!

قوشۇن ئولجا - غەنىيمەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، يارىدارلارنى داۋالىتىش، ئارام ئالدۇرۇش بىلەن بولۇپ، بۇ يەردە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ قالدى.

قوشۇننىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى ئاخىرلىشىپ قالغانىدى، بوزدۆڭ پارتىزانلار باشلىقى بەردىبەگ كالا، قوي ۋە بىر مۇنچە ئوزۇق - تۈلۈك ئەكەلتۈردى، جەڭچىلەر بىر ياقتىن ئارام ئېلىپ، بىر ياقتىن قورال - ياراغلىرىنى سۈرتۈپ، ئاقسۇغا قىلىدىغان ھەربىي يۈرۈشكە تەييارلاندى. ئۇنىڭغىچە ئاقسۇغا ئەۋەتىلگەن رازۋېدچىكلار قايتىپ كەلدى. سۇپاخۇننىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى يەرلىك پارتىزان قىسىملىرى بىلەن بىرلىشىپ ئاقسۇغا يۈرۈش قىلدى.

قوشۇن تاغ ئارىلاپ مېڭىپ، دۈشمەن ئويلىمىغان يەردىن ئاقسۇ كونىشەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ تېزلا ئىشغال

قىلدى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى كونىشەھەرنى تاشلاپ يېڭىشەھەر سېپىل ئىچىگە بېكىنىۋالدى. مىللىي ئارمىيە ئىلگىرىلەپ يېڭى شەھەر سېپىل ئەتراپىنى قورشىۋالدى. دۈشمەن مۇشۇ سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ جان ـ جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى. مىللىي ئارمىيە بىر قانچە قېتىم شىددەتلىك ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، سېپىل ئىچىگە بۆسۈپ كىرەلمىدى. ئۇنىڭغىچە، دۈشمەن تەرەپ شەھەر ئىچىدىكى بىر مۇنچە پاھىشە ئاياللارنى يىغىپ، سېپىل ئۈستىگە چىقارغۇزۇپ مىللىي ئارمىيىنى تىللاشقا سالدى. ئۇلار جەڭچىلەرنى تىلغا ئالغۇسىز ئەڭ سەت قەبىھ تىل بىلەن تىللايتتى. جەڭچىلەر بۇ ھاقارەتنى ئاڭلاپ چىدالماي قالدى، ئالىم مەرگەن تۆۋەندىن:

— سىلەر دۈشمەننىڭ ئالدام خالتىسىغا كىرىپ مۇنچىۋالا ئەسكىلىك قىلماڭلار! دۈشمەننىڭ ۋاقتى ئاز قالدى، كېيىن سىلەر قولىمىزغا چۈشۈپ قالساڭلار سەت بولىدۇ، — دەپ ۋارقىرىدى.

ئەمما ئۇ ئاياللار تېخىمۇ كۆچەپ:

— ھەي ئىلى ئوغرىلىرى! قولۇڭدىن كەلگەننى قىل! ئاخىر ئۆزۈڭ زىيان تارتىسەن! ـ دەپ چىرقىرايتتى. ئالىم مەرگەن بۇ ئەھۋالنى سوپاخۇنغا دوكلات قىلدى.

— قولۇڭلاردىكى كۆسەي ئەمەس، ئاشۇنداق بۇزۇقلارنى ئاتىدىغان قورال! — دېدى سوپاخۇن ئاچچىقى كېلىپ. ئاشۇ بۇزۇق ئاياللار سېپىل ئۈستىگە چىقىپ جەڭچىلەرنى تىللىغىلى تۇرغاندا، ئالىم مەرگەن ئوچ پاي ئوق بىلەن ئۇچ ئايالنىڭ جېنىنى ئېلىۋىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئاياللارنىڭ ھېچقايسىسى سېپىل ئۈستىگە چىقماس

www.uyghurkitap.com

بولدى. دەل شۇ كۈنلەردە، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى قوماندانلىق شتابىدىن تېلېگراممىسى كەلدى. تېلېگراممىدا «ئىلى قازاق 7 ـ ئاتلىق پولكىنىڭ 4 ـ ئىسكادىرونى مۇز داۋان ئارقىلىق سىلەرگە ياردەمگە باردۇ» دېيىلگەنىدى. جەڭچىلەر تېلېگراممىنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ، باشقىدىن كۈچ، غەيرەتكە كېلىشتى. لېكىن بىر نەچچە كۈندىن كېيىن جەڭچىلەر يەنە بىر خىل خەۋەر ئاڭلىدى. ئۇلارنىڭ ئاڭلىشىچە، قوماندانلىق شتابىدىن 4 ـ ئىسكادىروننى يېرىم يولدىن دەرھال ئارقىسىغا قايتىشقا، ھەم سۇپاخۇنغىمۇ ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ قايتىپ كېلىشكە بۇيرۇق بېرىلگەن تېلېگرامما كەلگەنمىش.

— بۇ نېمە ئىش؟ نېمىدېگەن سەتچىلىك؟ ـ دېدى بەردىبەگ خاپا بولغان ھالدا قاپاقلىرىنى تۈرۈپ.

— مىللىي ئارمىيە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا ئون بىر ماددىلىق بىتىم ئىمزالىنىپتۇ، ـ دېدى سۇپاخۇن ئېغىر — بېسىقلىق بىلەن، — شۇنىڭ روھىغا ئاساسەن ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىلىدىكەن. بۇ ھەربىي بۇيرۇققا بويسۇنماي ئامالىمىز يوق، قايت دېسە، قايتىش كېرەك.

مىللىي ئارمىيە قورشاۋنى بىكار قىلىپ چېكىنىش بىلەن تەڭ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى سېپىل ئىچىدىن يوپۇرۇلۇپ چىقىپ، مىللىي ئارمىيىگە ئۇشتۇمتۇت قوغلاپ زەربە بېرىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن مىللىي ئارمىيە خېلى كۆپ چىقىمدار بولدى. شۇ ئارىلىقتا ئالىم مەرگەننىڭ پۇتىغا ئوق تەگكەنلىكتىن پۇتىنى سۆرەپ ئارانلا ماڭاتتى. سۇپاخۇن بىر تەرەپتىن قوغلاپ كەلگەن دۈشمەنلەرگە زەربە

بىرىشكە قوماندانلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن قىسمنى چېكىندۈرۈشكە قوماندانلىق قىلاتتى. بەردىبەگ قوشۇننى يوشۇرۇن سوقما يوللار بىلەن باشلاپ ماڭدى.

بۇ قېتىمقى چېكىنىش قىسىمغا مىسلىسىز زور تالاپەت ۋە زىيان ئېلىپ كەلدى. قىسىمدا ياربدار، ئاغرىقلار كۆپەيگەن، ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقى بوشىشىپ كەتكەندى، ئەمما سۇپاخۇن باتۇرلارغا خاس چىدام ۋە تاغ يۈرەكلىك بىلەن قوغلاپ كېلىۋاتقان دۈشمەنگە قارىتا ئۆزى بىۋاسىتە جەڭگە ئاتلاندى. ئۇ ماكسىمكا پىلىموتنى ئات ئۈستىگە ئېلىۋېلىپ دۈشمەنگە باتۇرلاچە ئېتىلدى ۋە ئۇلارنىڭ بىر مۇنچە ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ دۈشمەننى چېكىندۈردى، ئەسكەرلەر تاغ باغرىدىكى دەريا بويىغا كېلىپ ئازراق دەم ئالماقچى بولۇپ ئولتۇراتتى، دەريا بويىدىكى يوغان قورام تاش كەينىدە قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ مىدىرلاۋاتقان سايىسىنى كۆرۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلەردىن قاسىم كوجەن، غوپۇرجان (مۇشۇ ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى)، مەھەممەت، جۇمە غازىلار مىلتىقلىرىنى كۆتۈرگىنىچە قورام تاشنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ باردى. بەش - ئالتە نەپەر گومىنداڭ ئەسكىرى ئۇلارنىڭ چېكىنىش يولىنى پايلاش ئۈچۈن، بۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئىكەن. ئۇلار ئۆزلىرى تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنى كۆردى - دە، قوراللىرىنى ئاستىغا بېسىپ دۈم يېتىۋالدى. قاسىم كوجەن ئېتىلىپ بېرىپ چەتتە ياتقان بىر ئەسكەرنىڭ كۆتىگە تەپتى.

— ئورنىڭدىن تۇر! — ۋارقىرىدى ئۇ خەنزۇ تىلىدا. ئەسكەر ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى.

www.uyghurkitap.com

— ئېتىڭ نىمە؟ — يەنە سورىدى ئۇ خەنزۇچە.

— يار مۇھەممەت، — جاۋاب بەردى گومىنداڭ ئەسكىرى.

— ئۇيغۇرمۇسەن؟

— ھەئە، ئۇيغۇرمەن.

— نەلىك؟

— يېڭىسارلىق.

— يېڭىسارنىڭ قەيېرىدىن؟

— سېپىل ئارقىسىدىن.

— كىمنىڭ بالىسى سەن؟

— ئابدۇرېھىم ئاقساقالنىڭ.

— قولۇڭنى چۈشەر! — دېدى قاسىم كوجەن ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن ئالىيىپ، جەڭچىلەر ئەسىرلەرنى ھەيدەپ سۇپاخۇننىڭ ئالدىغا ئاپاردى.

— بىز ئەسىرلەرنى خارلىمايمىز، — دېدى سۇپاخۇن، — سىلەر ئۆز قىسمىڭلارنى ياخشى كۆرگەن بولساڭلار قىسمىڭلارغا قايتىڭلار، قايتىشنى خالىمىساڭلار بىزگە قوشۇلۇڭلار.

— ياق، بىز گومىنداڭ قىسمىدىن جاق تويدۇق. سىلەرگە قوشۇلۇشنى خالايمىز، سىلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، گومىنداڭغا قارشى جان تىكىپ كۈرەش قىلىمىز! — دەپ چۇرقىراشتى ئۇلار.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ زاپاس ساقلاپ قويغان كىيىملىرىنى كىيىشتى.

بەردىبەگنىڭ پارتىزان قىسىملىرى مىللىي ئارمىيە

جەڭچىلىرىنى تاكى داۋان ئۈستىگە چىقىپ بولغۇچە قوغداپ ماڭدى. داۋان ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن ئۇلار ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كەتتى.

سۇپاخۇننىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، جەڭچىلەرنىڭ بىر قىسمى مۇز داۋاندا قاراۋۇللۇق قىلىشقا قالدۇرۇلدى. بىر قىسمى ياربدارلار، ئاغرىقلارنى ئېلىپ سۇپاخۇن بىلەن غۇلجىغا قايتتى. ئالىم مەرگەن ھەربىي گوسپىتالغا داۋالىنىشقا ئەۋەتىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئونىنچى باب

ئالىم مەرگەن گوسپىتالدىن چىقىپ بۇيرۇققا بىنائەن شىخۇ ئالدىنقى سېپىگە ئىسكادرون كوماندىرى ئەيسانىڭ ئالدىغا ئەۋەتىلدى. بۇ 1946 ـ يىلىنىڭ سىنتەبىر ئايلىرى بولۇپ، ئالدىنقى سەپتىكى زەمبىرەك ۋە مىناميوت ئاۋازلىرى بېسىقىپ قالغان، ئىس ـ تۈتەك ۋە ئۆلۈكلەرنىڭ قان ھىدلىرى يوقىلىپ، خەلقنىڭ يۈرىكى بىر ئاز جايىغا چۈشكەن ۋاقىت ئىدى. ماناس دەرياسىنىڭ شىمالىي قىسمىغا ئەيسانىڭ ئىسكادرونى، شەرقىي قىرغىقىغا گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ بىرىنچى قارىمىقىدىكى خەن فامىلىك پولك كوماندىرىنىڭ ئەسكەرلىرى ئورۇنلاشقانىدى. ئۇ مەزگىلدە ئون بىر ماددىلىق بىتىم تولۇق ئىجرا بولماي، ئۇنىڭغا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى داۋاملىق بۇزغۇنچىلىق قىلىپ تۇرغاچقا، ئىككى تەرەپتە ھامان جىددىي ھەربىي ھالەت ۋەزىيىتى شەكىللەنگەنىدى.

مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ ئاكوپ ـ گېزەرمىلىرى شەيتان كۆۋرۈك تاغلىرىنىڭ چوققىلىرىغىچە سوزۇلغانىدى.

مۇبادا ئىككى تەرەپ ئالاقە قىلماقچى بولسا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ھەربىي ۋەكىللىرى كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىكى قىزىل سىر بىلەن بەلگە قىلىنغان ئورۇنغا كېلەتتى ـ دە، ئۆز ئالاقە ئىشلىرىنى بېجىرەتتى.

بىر كۈنى شەيتان كۆۋرۈك تېغىنىڭ سۇ بېشىدىن سۇ

باشلاپ كەلمەكچى بولغان شەخەنزە دېھقانلىرىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، ئىسكادرون كوماندىر ئەيسا ئۈچ قوراللىق جەڭچىنى ئەۋەتتى. لېكىن كۈتۈلمىگەندە بۇ ئۈچ جەڭچى شىتابقا قايتىپ كەلمىدى. ئارىدىن ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قانۇن خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان يەنە بىر جەڭچىنى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ تۇتۇپ كەتكەنلىكى ئېنىقلاندى، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مىللىي ئارمىيە تەرەپ گومىنداڭ ئارمىيىسى تەرەپكە رەسمىي نارازىلىق بىلدۈرۈپ، بۇ جەڭچىلەرنى شەرتسىز قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، ئەمما گومىنداڭ تەرەپ «ئۇنداق ئادەملەرنى بىز كۆرمىدۇق، سۈرۈشتە قىلايلى» دەپ جاۋاب بەردى، شۇ ئارىلىقتا شىخۇ ئېغىزىدىكى قوماندانلىق شىتابىدىن ئەيساغا جىددىي تېلېفون كەلدى. تېلېفوندا: ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋاتقان ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەستىقىغا ئاساسەن، بىر نەچچە گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ئازاد رايونلارنى كۆرۈشكە بارىدىكەن. ئۇلار ماناس دەرياسى بويىغا كەلگەندىن كېيىن ئازاد رايونلارغا ئۆتكۈزۈۋېتىلسۇن، دېيىلگەنىدى. كۆۋرۈك قاراۋۇللۇقىنى ئودىلنىيە كوماندىرى ئالىم مەرگەن ھەم ئۇنىڭ بىر ليەن ئەسكىرى ئىجرا قىلىۋاتاتتى. بىر كۈنى گومىنداڭ تەرەپنىڭ ئىككى كىچىك ماشىنىسى كۆۋرۈك يېنىدا پەيدا بولدى. ئالىم ئۇلارنى يىراقتىن كۆرۈپ تۇرۇپ، تېلېفوندا ئۇقتۇرۇلغان كىشىلەر مۇشۇلار بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى ـ دە، ئۆز ئەسكەرلىرىگە قاتتىق ھەربىي ھالەتتە تۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ چاغدا گومىنداڭ تەرەپ ئالىمنى چاقىردى، ئالىم پىسەنتكە ئالماي جايىدا تۇرۇۋەردى. ئۇلار ئىلاجسىز كۆۋرۈككە قەدەم

قويغانىدى، ئالىمنىڭ يېنىدىكى ئەسكەر دەرھال ئۇلارغا ئاپتوماتىنى توغرىلاپ تۇردى. گومىنداڭ تەرەپ كۆۋرۈك ئوتتۇرىسىدىكى بەلگە قىلىنغان جايغا كېلىپ توختىدى. ئەمما ئالىم قەستەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارمىدى، يېرىم سائەتتىن كېيىنلا ئۇ ئالدىرىماي، ھودۇقماي ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى. ئىككى ماشىنىدىن چۈشكەن سەككىز نەپەر گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى چىرايىدىن ھېيلىگەرلىك كۆلكىسىنى چىقىرىپ تۇرۇپ ئارقا ـ ئارقىدىن:

— نى خاۋ، تۇڭجى؟ — دەپ سوراشقا باشلىدى. ئەمما ئالىم مەرگەن گويا ئۇلارنىڭ نىمە دەۋەتقىنىنى بىلمىگەندەك پەرۋاسىز تۇرۇۋەردى. بىر چاغدا گومىنداڭ ئەمەلدارىنىڭ بىرى ئالىمغا ئالىي دەرىجىلىك سىگارىت تۇتتى.

— بىز مۇنداق تاماكىنى چەكمەيمىز، — دېدى ئالىم ھەربىي ئەمەلدارنىڭ قولىنى ئىتتىرىپ، — بىزگە ئۆزىمىزدىن چىققان تاماكا ئەڭ ياخشى. سىلەرنىڭ بۇ تاماكاڭلارنىڭ سۈپىتى ياخشى بولغان بىلەن كۆچى يوق. بىزنىڭ توشقان ماركىلىق تاماكىمىزدىن بىر ئورام چەكسەڭلار، نەچچە كۈن ئورنۇڭلاردىن قوپالماي قالىسىلەر.

ئالىم مەرگەننىڭ ھەر بىر سۆزىنى تەرجىمان ھەربىي ئەمەلدارغا سۆزمۇ سۆز تەرجىمە قىلىپ بېرىۋاتاتتى. ھەربىي ئەمەلدارلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ نىمە دېيىشنى بىلمەي قىزىرىپ، تاتىرىپ تۇرۇپ قالدى.

— قاراۋۇلخانىنىڭ مەسئۇلى كىم؟ — دەپ سورىدى بىر ھەربىي ئەمەلدار.

— كىم قاراۋۇللۇققا چىقسا قاراۋۇلخانىنىڭ مەسئۇلى شۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى ئالىم مەرگەن، ئۇلار بۇ سۆزنى

ئاڭلاپ ئەخمەتجان قاسىمى ۋە باشقا رەھبەرلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئىلى تەۋەسىگە بېرىپ ئازاد رايونلارنى كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا يول قويۇش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى، ئالاقىدار تونۇشتۇرۇش خەتلەرنى ئالىم مەرگەنگە بىر ـ بىرلەپ كۆرسەتتى ۋە ماشىنىغا چىقىپ ماڭماقچى بولدى.

— توختاڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى ئالىم مەرگەن، — ھەر بىرىڭلار بىردىن ـ بىردىن تىزىملىنىسىلەر.

ئالىم مەرگەننىڭ يېنىدىكى قادىر ئىسىملىك جەڭچى قولىدىكى تىزىملاش دەپتىرىنى ئۇزاتتى. ئالىم مەرگەن رېتى بويىچە ئۇلارنىڭ ئىسىم فامىلىسىنى، نام ـ ئەمەلىنى تىزىملاپ چىقىپ:

— قورالىڭلار بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بار، — دەپ جاۋاب بەردى ھەربىي باشلىقنىڭ بىرى.

— پارتلاتقۇچ دورا، زەھەرلىك بۇيۇم بارمۇ؟ — يەنە قەستەن سورىدى ئالىم مەرگەن.

— ئۇنداق نەرسىلەر يوق، — جاۋاب بەردى ئۇلار.

— ئەگەر تەكشۈرۈشتە چىقىپ قالسا قانداق قىلىسىلەر؟

ھەربىي ئەمەلدارلار بىر ـ بىرىگە ئۇن ـ تىنسىز قارىشىپ قالدى.

— بېشىمىز بىلەن جاۋاب قىلىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى بىرەيلەن ئاخىرىدا.

ئالىم مەرگەن ئۇلارنىڭ يانلىرىنى، ماشىنىنىڭ ئىچىنى

بىر ـ بىرلەپ ئاختۇردى. يان قوراللىرىنى يىغىۋالدى ۋە ئۇلارنى تىزىملاپ قويدى.

ئىككى ماشىنا ئىلى تەرەپكە يۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن، بايىقى سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان ئەسكەرلەر قاقاقلاپ كۈلۈشتى.

— يائاللا ئالىم، ساڭا ئاران ئودىلنىيە كوماندىرلىق ھوقۇقىلا تەگكەن ئىكەن، ئۇنىڭدىن چوڭراقى تەگكەن بولسا ساڭا خېلى ئىش بار ئىكەن، — دېيىشەتتى جەڭچىلەر.

— ھەي ئەخمەقلەر، — كۈلدى ئالىم مەرگەن، — كونىلارنىڭ «بىر مىسقال ھوقۇقنى بىر ھارۋا ئالتۇنغا تېگىش» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭلار؟ بىز نېمە ئۈچۈن قان ئاققۇزۇپ قۇربان بېرىپ ئۇرۇش قىلىۋاتىمىز؟ بايىقىدەك ئەكسىيەتچىلەردىن ھېساب ئېلىش، ئۇلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ـ دە، بىز ھېلىقىدەك چاغدا بۇ ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئالدىدا ياۋاش ـ يۇمشاق بولماي، مىللىي ئارمىيىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى راسا كۆرسىتىپ قويىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ يېقىندا تۆت جەڭچىمىز يوقاپ كەتتى. بۇلارنى چوقۇم مۇشۇ ئەكسىيەتچىلەر تۇتۇۋالغان گەپ. بايىقى سەككىز ئەمەلدار ئىلىدىن قايتىپ كەلگەندە ئۇلارنى چوقۇم تۇتۇپ قالىمەن. ئۇلارنى يوقاپ كەتكەن جەڭچىلىرىمىزنى تاپقىلى سالىمەن. بىز ئۇلارغا مۇشۇنداق قاتتىق قوللۇق قىلمىساق، بۇ چېگرانى ياخشى قوغدىيالمايمىز، ئاغىنىلەر!

— ئۇ ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ قولىدا ئەخمەتجان ئەپەندىنىڭ تونۇشتۇرۇشى تۇرسا، ئەخمەتجان ئەپەندى تېخى، ئۇلارنىڭ ھاياتىغا كېپىللىك قىلىڭلار دېگەن تۇرسا، ئۇلارنى



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئادرېسى

قانداق تۇتۇپ قالغىلى بولىدۇ؟ — دېدى جەڭچىلەرنىڭ بىرى.

— ئەخمەتجان ئەپەندىم شۇنداق دېگەن، بىراق ئۇلارنىڭ ھوقۇقىغىمۇ كاپالەتلىك قىلىنىشلار دېيىلگەندۇ؟ — قارشى چىقتى ئالىم مەرگەن.

— ياق، ئۇنداقمۇ دېمەپتۇ.

— ھوقۇق كىمگە مەنسۇپ بولۇش كېرەك؟

جەڭچىلەر بىر - بىرىگە قاراشتى.

— ھوقۇق ئەكسىيەتچىلەرگە ئەمەس، ئەلۋەتتە بىزگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك، — دېدى ئالىم مەرگەن گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — پات ئارىدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا يېتىپ كېلىدۇ. بىز ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قولىدىكى ھوقۇقىنى تەلتۆكۈس تارتىۋالىمىز.

جەڭچىلەر گېزەرمىدە ئالىمنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ كۈلكە، چاقچاق، ھەر خىل پاراڭلار بىلەن بىر كېچىنى ئۆتكۈزدى، ئەتىسى ئەتىگەندە، ئەيسا ئالىم مەرگەننى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ كېلىپ قىسقىلا قىلىپ:

— سەن قوماندانلىق شتابىدىن چاقىرتىلدىڭ، شۇڭا قاراۋۇللۇق تىزىملىك دەپتىرىنى ئېلىپ ئەتە ئەتىگەندە يولغا چىقىشقا تەييارلان، — دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئالىمنىڭ بېشىدىن بىر قاپاق سۇ تۆكۈلگەندەك بولدى.

«مېنى باش شتابتىن چاقىرتىشتا نېمە مەقسەت باردۇ؟ — دەپ ياكى گومىنداڭ باشلىقلىرىنى چېگرادا توسۇپ قويغانلىقىم، يېنىمنىكى ئاختۇرۇپ، قوراللىرىنى تارتىۋالغىنىم گۇناھ بولغانمىدۇ؟ ئەمدى مېنى

جازالىنىۋېتەرمۇ؟ جازالىسا قانداق جازالار؟» ئالىم مەرگەن ئاشۇنداق تەشۋىشلىك خىيال ئىچىدە تىزىملىك دەپتىرىنى سومكىسىغا سېلىپ، ھەربىي تەمىنات ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ شىخۇغا يۇرۇپ كەتتى. ئۇ تاكى شىخۇغا بارغۇچە غەم ـ ئەندىشىدىن خالى بولالمىدى. ئۇ شىخۇ باش قوماندانلىق شتابىغا بارغاندا ئەيسانىڭ «مەرغۇپ بىلەن كۆرۈش» دېگەن گېپىنى ئەسكە ئالدى ـ دە، ئىشخانىلاردىن ئىزدەپ ـ سوراپ، مەرغۇپنىڭ ئىشخانىسىنى تاپتى. ئالىم مەرگەن ئىشىكنى چېكىۋېدى ئۆي ئىچىدىن:

— كىر! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئالىم مەرگەن روھلۇق قەدەم بىلەن ئىشخانىغا كىرىپ مەرغۇپقا ھەربىيچە تىك تۇرۇپ سالام بېرىپ:

— دوكلات باشلىق، ئودىلنىيە كوماندارى ئالىم ئالدىڭىزدا تەييار! — دېدى.

— ئولتۇر! — دېدى مەرغۇپ، ئالىم مەرگەن ئولتۇردى.

— يوقاپ كەتكەن تۆت جەڭچىدىن خەۋەر بارمۇ؟ — سورىدى مەرغۇپ.

ئالىم مەرگەن ئورنىدىن تىك تۇردى.

— ھازىرغىچە خەۋەر يوق.

— سەن چېگرا قاراۋۇللۇقىنى قىلىۋاتقان تۇرۇقلۇق، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنى تۇتۇپ كەتسە قاراپ تۇردۇڭمۇ، سەن نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم؟

— مەن مەخسۇس كۆۋرۈك قاراۋۇللۇقىغا مەسئۇل، دەريا ياقىلاپ قاراۋۇللۇق قىلمىسام، دېدى — ئالىم مەرگەن ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ.

مەرغۇپ تارتمىدىن بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ ئۇنىڭغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن:

— سەن گومىنداڭ تەرەپتىن كەلگەن ھەربىي ئەمەلدارلارغا قانداق پوزىتسىيە تۇتتۇڭ؟ باشتىن - ئاخىر راستچىللىق بىلەن سۆزلە! — دېدى.

ئالىم مەرگەن تەشۋىش - ساراسىمىگە چۈشۈپ كۆۋرۈك ئېغىزىدا بولغان ئەھۋاللارنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

— سەن ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى نېمىشقا ئېلىپ قالدىڭ؟

— چۈنكى ئۇلار دۈشمەن، — جاۋاب بەردى ئالىم مەرگەن، — بىز ئۇلارنىڭ قولىدىكى قورالىنى تاشلاتقۇزۇش ئۈچۈن قانلىق ئۇرۇش قىلىۋاتىمىز.

— ئۇلار گېنېرال دەرىجىلىك ئەمەلدارلار تۇرسا، شۇنداقمۇ ھۆرمەتسىزلىك قىلامسەن؟

— ئۇلار گېنېرال بولسا ئۆزىگە گېنېرال، ئەمما بىزگە دۈشمەن.

— ئەخمەتجان، ئۇلارنىڭ ھاياتىغا كېپىللىك قىلىڭلار دېگەن، ئەمەسمۇ.

— دۇرۇس، ئەخمەتجان شۇنداق دېگەن، شۇڭا مەن ئۇلارنىڭ ھاياتىغا كېپىللىك قىلىش شەرتى ئاستىدا ھوقۇقىنى چەكلەپ قويدۇم.

مەرغۇپ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چىرايىدا سۇس كۈلكە جىلۋە قىلدى.

— نەچچە ياشقا كىردىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ئوتتۇزغا.

— يۇرتۇڭ نەدىن؟

— خوتەندىن.

— يارايسەن! — ئۇشتۇمتۇت ئالىمنى مەھكەم قۇچاقلىدى ئۇ ھاياجانلىنىپ، — سەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئالدىدا مىللىي ئارمىيىمىز جەڭچىسىنىڭ باتۇرانە روھىنى ۋە قەيسەرلىكىنى نامايان قىلدىڭ. ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇش ئارقىلىق ئارمىيىمىزنىڭ شان-شۆھرىتىنى ئاشۇردۇڭ. شۇڭا مەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى نامىدىن سېنى «ساداقەت» مېدالى بىلەن تارتۇقلايمەن!

ئالىم مەرگەنىڭ قورقۇنچ، تەشۋىشتىن دۈپۈلدەپ تۇرغان يۈرىكى بىردىنلا چەكسىز شادلىق بىلەن تولدى. مەرغۇپىنىڭ قولىدا پارقىراپ تۇرغان ئاي يۇلتۇزلۇق مېدال تۇراتتى. ئۇ بۇ مېدالنى ئالىم مەرگەنىڭ كۆكسىگە تاقىغاندا، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ۋە بەخت يېشى ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ ئۆز باشلىقى ـ ئىسكادىرون كوماندىرى ئەيسادىن ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈندى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەر بىر ئىشلىرىنى باش شىتابقا ئۆز ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ تۇرغانلىقىنى بىلدى. ئالىم مەرگەن قايتىدىغان چاغدا:

— بىزنىڭ تۆت نەپەر جەڭچىمىز ھازىرغىچە تېپىلمايۋاتىدۇ، ئۇلارنى چوقۇم گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تۇتۇۋالغان گەپ. بۇ قېتىم ھېلىقى گومىنداڭ گېنېراللىرى ئېلىدىن قايتقان چاغدا، ئۇلارنى بۇ جەڭچىلەر ئۈچۈن گۆرۈگە تۇتۇپ قالىمەن، دېگەن ئويۇم بار. سىزچە قانداق قىلسام بولار؟ — دېدى.

— ئەگەر ئۇلار ئەسىرگە چۈشكەن گېنېرال ـ ئوفىتسېرلارنى بىرگە ئېلىپ قايتىپ قالسا، ئۇلارنى

قويۇۋەت، كېتىۋەرسۇن، ئەگەر ئەسىرلەرنى بىر نەچچە كۈن كېچىكتۈرۈپ ئېلىپ ماڭىدىغان بولسا، ئۇلارنــى توسۇپ قويساڭ مەيلى، بىزدىن جاۋاب بارغاندا ئاندىن قايتــشقا رۇخسەت قىل، — دېدى مەرغۇپ، ئاندىن ئۇنــى تاماق يېيىشكە باشلاپ چىقتى.

ئالىم مەرگەن شۇ كۈنىلا ھەربىي تەمىنات توشۇغۇچى ماشىنا بىلەن قاراۋۇللۇق ئورنىغا قايتتى. جەڭچىلەر ئۇنىڭ كۆكرىكىدىكى پارقىراپ تۇرغان «ساداقەت» مېدالىنــى كۆرۈپ قىزغىن تەنتەنە قىلىشتى ۋە مۇبارەكلەشتى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئىلىغا كەتكەن ھېلىقــى سەككىز نەپەر ئەمەلدارنىڭ ھەممىسى قايتىــپ كەلدى ۋە كۆۋرۈكتىن ئۆتكۈزۈۋېتىشنى تەلەپ قىلدى.

— سىلەر تەرەپ تۇتۇپ كەتكەن تۆت نەپەر جەڭچىنى قانداق قىلىسىلەر؟ — دەپ سورىدى ئالىم مەرگەن.

— بىز ماناسقا بارغاندىن كېيىن بۇ كىشىلەرنــى سۈرۈشتە قىلايلى، — دېدى ھەربىي گېنېراللارنىڭ بىرى.

— ياق، — دېدى ئالىم مەرگەن گېنېرالنىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ، — ئۇ ئادەملەرنىڭ ئىز - دېرىكى چىقمىغۇچە سىلەرنى قويۇۋەتمەيمەن، مۇشۇ يەردە تۇتۇپ تۇرۇۋېرىمەن.

ئۇنىڭ بىلەن ئۇلار شىخەنزىگە ئېلىپ كېتىلدى - دە، شۇ يەردە نەزەربەنت قىلىپ قويۇلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تاڭ فامىلىلىك گېنېرال نەزەربەنتتىن تېزراق ئازاد بولۇش ئۈچۈن گومىنداڭنىڭ ماناستا تۇرۇشلۇق قىسمىنىڭ پولك كوماندىرى خەن تۈەنجاڭغا بىر پارچە خەت يېزىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ تۆت جەڭچىسىنــى بۇرۇن تۇتۇۋالغان بولسا دەرھال قويۇۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

بۇ خەت ئالىم مەرگەن ئارقىلىق كۆۋرۈك ئۆتتۈرىسىدىكى بەلگە سىزىقى يېنىدا گومىنداڭ تەرەپ ۋەكىلىگە يەتكۈزۈلدى، ۋەكىل گېنېرال تاڭنىڭ بۇيرۇقىنى خەن تۇەنجاڭغا تاپشۇردى. خەن تۇەنجاڭ بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش ـ قىلماسلىق ئۈستىدە ئۆزۈنغىچە ئويلاندى. ئۇلارنىڭ مىللىي ئارمىيىنىڭ تۆت جەڭچىسىنى تۇتۇۋالغىنى راس ئىدى. مۇبادا خەن تۇەنجاڭ بۇيرۇق بويىچە بۇ تۆت جەڭچىنى مىللىي ئارمىيە تەرەپكە تاپشۇرۇپ بېرىدىغان بولسا، ئۆزلىرىنىڭ ئون بىر ماددىلىق بىتىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقى ئاشكارىلىنىپ قالاتتى. شۇڭا تۇرمىدىكى سىياسىي مەھبۇسلارنى كۆزدىن يوقىتىش بىلەن بىللە تۆت جەڭچىنىمۇ ئۇلار قاتارىدا قەتل قىلىپ، «بىز مىللىي ئارمىيىنىڭ تۆت جەڭچىسىنى كۆرمىدۇق» دەپ ئۇلاردىن تېنىۋېلىش قارارىغا كەلدى ـ دە، ئۇلارنى ئون ـ شەپىسىز ئۆلتۈرۈۋېتىش توغرىسىدا تۇرمە جازا ئەترىتىنىڭ باشلىقى گۇلىيەنجاڭغا بۇيرۇق چۈشۈردى. گۇلىيەنجاڭ تۇرمىدىكى مەھبۇسلارنى قېنىنىمۇ چىقارماي، ئاۋازىنىمۇ چىقارماي ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ناھايىتى ئەپچىل بىر چارىنى ئويلاپ تاپتى. شۇنىڭ بىلەن بىر كېچىسى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋېتىش ئىشى باشلاندى. تۇرمىدە جەمئىي ئوتتۇز ئىككى نەپەر سىياسىي مەھبۇس بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېلىقى تۆت جەڭچىمۇ بار ئىدى. كېچە سائەت ئون ئىككىدىن ئاشقاندا، جاللاتلار مەھبۇسلارنى ئايرىم ئۆيگە بىردىن ئېلىپ كىردى ـ دە، كالتەك بىلەن ئارقا مېڭىسىگە ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرغاندىن كېيىن، تاغارغا سېلىپ ئاغزىنى ئېتىپ يەنە بىر ئامبار ئۆيگە خۇددى ئاشلىقنى باسقاندەك

ئۈست ـ ئۈستىگە بېسىشقا باشلىدى... شۇ ئۇسۇلدا ئوتتۇز بىر مەھبۇس ئۆلتۈرۈلۈپ بولدى. ئوتتۇز ئىككىنچى مەھبۇس، يەنى ئەيسانىڭ ئىسكادىروندىكى قانۇن خىزمەتچىسى سىدىق سايىم ئايرىم ئۆيگە قامالغانىدى. ئۇ پولك شىتابىنىڭ بۆلۈمىدە نەچچە قېتىم سوراق قىلىنغان. ئەمما ئۇ مىللىي ئارمىيىنىڭ كۆۋرۈك ساقلاۋاتقان قىسمى توغرىسىدا دۈشمەنگە ھېچنېمىنى ئىقرار قىلمىغانىدى. دۈشمەننىڭ ئۇنى قىيناپ، ئازابلىشى تولىمۇ دەھشەتلىك بولدى. جاللاتلار ئۇنىڭ زەكىرىنىڭ تۆشۈكىگە ئايغىر ئاتنىڭ قىلىنى تىقتى، زەكىرى ئىششىپ كەتتى، ئەمما ئۇ ھېچ نەرسە ئىقرار قىلمىدى... ئۆلتۈرۈلۈش نۆۋىتى سىدىق سايىمغا كەلگەندە، جاللاتلار ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنىدى. شۇڭا ما فامىلىلىك ئىككى نەپەر تۇڭگان ئەسكەر ئالدىراپ ـ سالدىراپ سىدىق سايىمنىڭ قولىنى باغلىدى، ئاغزىغا ماتا تىقتى، ئاندىن تاغارغا تىقىپ، تاغارنىڭ ئاغزىنى بوغۇپ، تاغارنىڭ ئۈستىدىن كالتەك بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. بەختىگە يارىشا كالتەك سىدىق سايىمنىڭ بېشىغا ئەمەس، باشقا جايلىرىغا تېگىشكە باشلىدى. ئىككى ئەسكەر ئۇنى ئۆلدى، دەپ ھېسابلاپ، ئامباردىكى ئۆلۈكلەرنىڭ ئۈستىگە تاشلىۋەتتى.

گۇلىيەنجاڭ خەن تۈەنجاڭغا:

— ئىش تۈگىدى، — دەپ دوكلات قىلدى.

— ئەمىسە سەيخانىنىڭ ھارۋىسىنى قوشتۇرۇپ، تاڭ يورۇغىچە ئۆلۈكلەرنى سېپىل سىرتىدىكى خەندەككە توشۇپ كۆمۈۋېتىڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىلدى خەن تۈەنجاڭ.

بۇ ئارىلىقتا سىدىق سايىم تاغار ئىچىدە ھەدەپ

تىپىرلىماقتا ئىدى.

ئۇ بىر ئامال قىلىپ قولىنى بوشتىۋالدى. ئاندىن ئاغزىدىكى لاتىنى ئېلىۋەتتى، تاغار چىرىپ كەتكەن كونا تاغار ئىدى. سىدىق سايىم تاغارنى يىرتىپ تۆشۈكىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقتى. ئاندىن ئامبارنىڭ تېمىنى سىيپىلاشتۇرۇپ پەم بىلەن مېڭىپ، ئامبار سىرتىغا چىقتى. بۇ كېچە پولىك شتابى ئىچىدە بىرمۇ چىراغ ياندۇرۇلمىغانىدى. بىر چەتتە بىر مۇنچە ئەسكەرلەر ئۆلۈك توشۇش ئۈچۈن هارۋا قوشۇۋاتاتتى. سىدىق سايىم تام ياقىلاپ قېچىپ كېتىۋېتىپ بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ كەتتى. قارىسا تۆمۈر گۈرجەك ئىكەن. لازىم بولار دەپ ئۇنى پەم بىلەن ئېلىۋېلىپ دالدىغا مۆكۈنۈپ ياتتى. يىگىرمە نەچچە ئەسكەر ئۆلۈكلەرنى هارۋىغا تېزلىكتە بېسىپ بولدى. ئۇلارنىڭ هەر بىرى قولىغا گۈرجەك ئالغان هالدا هارۋىنىڭ ئارقىسىدىن سىرتقا قاراپ ماڭدى. سىدىق سايىم ئەتراپنىڭ زۇلمەتتەك قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ، مۆكۈنۈۋالغان يېرىدىن ئەپچىللىك بىلەن سەكرەپ قوپتى ـ دە، گۈرجەكنى كۆتۈرگىنىچە ئەسكەرلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ تىزىلىۋالدى. ئەسكەرلەر ئۇيقۇچىلىقتا ئۇنى سەزمەي قالدى ۋە پولىك شتابى دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى.

تاڭ سۇزۇلۇپ بارماقتا ئىدى، ئەسكەر هارۋىنىڭ ئارقىسىدىن ئاهالىلەر كوچىسىنى بويلاپ ئالدىراپ ـ سالدىراپ كېتىۋاتاتتى. سىدىق سايىم ئاهالىلەر قويۇق بازار ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە تۇيۇقسىز:

— قېرىنداشلار ... ! ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار ! قاتىل-لارنى تۇتۇڭلار ! ۋاي ئىست ! بىگۇناھ ئۆلۈپ كەتكەن

قېرىنداشلىرىم ... ! – دەپ ۋارقىرىدى. ئەسكەرلەر ئەس – ھوشىنى يىغىپ بولغۇچە كىشىلەر ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇشۇپ كوچىغا قاراپ ئېتىلدى. ئەسكەرلەر ئۆزىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئادەملەرنى كۆرۈپ پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. ئەسكەرنىڭ بىرى قورقىنىدىن ئوق چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن كوچىغا چىققانلار تېخىمۇ كۆپەيدى. جەمئىي ئىككى يۈز دەك پۇقرا ئەسكەرلەرنى قاتمۇ – قات مۇھاسىرە ئىچىگە ئېلىۋالدى. جەسەتلەر ھارۋىدىن چۇشۇرۇلۇپ كوچىغا قاتار تىزىلىپ ياتقۇزۇلۇپ قويۇلغانىدى. پۇقرالار ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا يىغا – زارە قىلىشماقتا ئىدى. بۇ خەۋەر ناھايىتى تېزلىكتە مىللىي ئارمىيە شىخۇ باش قوماندانلىق شتابىغا يېتىپ باردى، بۇ چاغدا ئۇ يەردە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان گومىنداڭ گېنېراللىرى تاماق يەۋاتاتتى. ئۇلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تىللىرى گەپكە كەلمەي چىرايلىرى تاتىرىپ كەتتى.

— سىلەرنىڭ ئون بىر ماددىلىق بىتىمنى ئىجرا قىلىش جەھەتتىكى ساختىلىقىڭلار يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلاندى، خوش، بۇ پاجىئەگە ئەمدى نېمە دەپ جاۋاب بېرىسىلەر؟ – غەزەپ بىلەن سورىدى ئەيسا.

— بىزنى دەرھال ماناسقا قايتۇرسا، بۇ سەتچىلىكنى ئۆز قولىمىز بىلەن بىر تەرەپ قىلساق، — دېدى گېنېرال تاڭ، ئەيسا ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپىنى باش شتابقا يەتكۈزدى، باش شتاب ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلمىغانلىقىنى بىلدۈردى. لېكىن ماناستىكى بۇ ئېغىر قانلىق پاجىئەگە گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ قەتئىي مەسئۇل بولۇشى، جىنايى جاۋابكارلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش لازىملىقىنى ئۇقتۇردى.

گومىنداڭ گېنېراللىرى شۇ كۈنلا مىللىي ئارمىيە تەرەپ ۋەكىلى ئالىم مەرگەن قاتارلىقلار بىلەن بىللە ماناسقا يېتىپ باردى. ئالىم مەرگەن گومىنداڭ گېنېراللىرىنى نەق مەيدانغا ئېلىپ باردى. نەچچە يۈزلىگەن ئۆلۈكلەرنى كۆمۈش ئۈچۈن ماڭغان ھېلىقى يىگىرمە نەچچە ئەسكەرنى ھارۋىنىڭ چاقىغا، ئەتراپتىكى دەل ـ دەرەخلەرگە باغلاپ قويغانىدى. غەزەپلەنگەن ئامما تۈشمۇتۈشتىن:

— يوقالسۇن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى!

— قانخور جاللاتلار جازالانسۇن!

— قانغا قان، جانغا جان ئالىمىز! — دەپ شوئار توۋلىشاتتى.

گېنېرال تاڭ ئالاقىزادە بولغان ھالدا ئاممىغا ناماقۇل بولىدىغانلىقىنى، ئۆلگەنلەرنىڭ نامىزىنى مىللىي قائىدە ـ يوسۇن بىلەن ئۈزىتىشقا يېتەرلىك پۇل ئاجرىتىشتىن باشقا، ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغىمۇ مەبلەغ بېرىدىغانلىقىنى، ماناستا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ دائىرىلىرىدىن بۇ ئىشنى قەتئىي سۈرۈشتە قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى.

ئالىم مەرگەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى گومىنداڭ گېنېراللىرى بىلەن بىرلىكتە پولىك شتابىغا كىردى. خەن تۇەنجاڭ گېنېراللارنىڭ ئالدىدا بېشىنى ئېگىپ ئۆرە تۇراتتى.

— ئون بىر ماددىلىق بىتىمنىڭ ئىمزالانغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلدىڭ؟ نېمە ئۈچۈن مىللىي ئارمىيىنىڭ تۆت جەڭچىسىنى تۇتقۇن قىلىپ ئۆلتۈرگۈزدۈڭ؟ — ۋارقىرىدى گېنېرال تاڭ ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن چەكچىيىپ.

— چۈنكى، ئۇلار تەۋەيىمىزگە ئۆتۈپ جىنايەت

ئىشلىدى، — دېدى خەن تۆەنجاڭ ئۆزىنىڭ ياۋۇز، جاللاتلىقىنى ئاقلاپ.

— جىنايەت؟ نېمە جىنايەت؟ — ئالىم مەرگەن ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كەلدى، — ئەسلىدە جىنايەتچىلەر ھەر قايسىڭ تۇرساڭ، بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىز جىنايەتچىمىكەن؟ بىگۇناھ پۇقرالارنى ئۆلتۈرگەنلەر كىم؟ ئەسلىدە سەنلەر، بىز ئۆز يۇرتىمىزنى، خەلقىمىزنى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىۋاتىمىز. بىزنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىمىز جىنايەتمۇ؟

خەن تۆەنجاڭ بىر ئېغىز گەپ قىلالماي قالدى. مىللىي ئارمىيە تەرەپ ۋەكىلى خەن تۆەنجاڭ ئىقرار قىلغان ماتېرىيالغا ئىمزاسىنى قويدۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى دەرھال باش شتابقا يوللاش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يېنىدىن قايتىپ چىقتى. ئالىم مەرگەن ماتېرىيالنى سىدىق سايدىن ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئۆزى قۇربان بولغان ئوتتۇز بىر نەپەر قېرىنداشنىڭ دەپنە ئىشلىرىنى بېجىرىش ئۈچۈن ماناستا قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئون بىرىنچى باب

1947 - يىلى نويابىردا، ئەيسانىڭ ئىسكادىرونى شىخۇدىن ساۋەنگە يۆتكەلدى. بۇنىڭغا باندىت قالىبەگنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئازاد رايونلارغا سېلىۋاتقان پاراكەندىچىلىكى ۋە ئۇلارنىڭ تىنچ ئاھالىگە قىلىۋاتقان زورلۇق - زومبۇلۇقلىرى سەۋەب بولغانىدى. قالىبەگنىڭ پائالىيەت ئۇۋىسى جۇڭغارىيە چۆللىكى بولۇپ، ئۇ گاھىدا بۇ يەردىن قويۇندەك چىقىپ مىللىي ئارمىيە گېزەرمىلىرىگە ھۇجۇم قىلاتتى. دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئۆي - ئاۋۇللىرىغا باستۇرۇپ كىرىپ، مال - مۈلۈك ۋە چارۋىلىرىنى بۇلايتتى، خوتۇن - قىزلىرىغا باسقۇنچىلىق قىلاتتى، ئادەم ئۆلتۈرەتتى، ئۆيلىرىگە ئوت قوياتتى. ئون بىر ماددىلىق بىتىمدىن كېيىن شىددەتلىك ئۇرۇش ئوتى بىر ئاز پەسەيگەن، پۇقرالارنىڭ كۆڭلى سەل ئارامىغا چۈشكەن بولسىمۇ، بۇ باندىتلارنىڭ دەستىدىن زار قاقشىمىغان ئادەم قالمىغانىدى.

ئەيسانىڭ ئىسكادىرونى ساۋەنگە كېلىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، جۇڭغارىيە قۇملۇقىدىكى باندىتلارنىڭ مۇھىم بازىسى بولغان دۇڭسەن، يەنسخەي، دۇڭدى ئېغىزلىرىغا يۈرۈش قىلىپ باندىتلارنى يوقاتماقچى بولدى.

ئالىم مەرگەن ئۆزىنىڭ بىر ئىزۋوت ئادىمىنى باشلاپ

ئوق ـ دورا ۋە ئوزۇق ـ تۆلۈكلەرنى يېتەرلىك غەملەپ جۇڭغار قوملۇقىغا قاراپ يولغا چىقتى. يەر ـ جاھان ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە يۇلغۇنلار ۋە ياۋايى چاتقاللار كۆرۈنەتتى.

ئۇلار كېتىۋاتقان يولنىڭ بىر چېتى داگەي تاللىقىغا، يەنە بىر چېتى ماناس دەريا ياقىسىغا تۇتىشاتتى.

جەڭچىلەر كەچكە يېقىن تاللىققا ئۇلىشىپ، بوش قالغان ئۆيلەرگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. بۇ ئۆيلەرگە بۇرۇن مەۋلانوپ پولكىنىڭ ئەسكەرلىرى ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئۇلار يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئىگىسىز بوش قالغانىدى. جەڭچىلەر ئاتتىن چۈشۈپ گۇلخان يېقىشتى. گۆش ۋە نان بىلەن ئوزۇقلىنىپ قورساقلىرىنى تويغۇزغاندىن كېيىن، كېچىچە قانغۇچە ئۇخلاپ ئەتە سەھەردە دۈشمەن تەرەپكە قاراپ يولغا چىقماقچى بولدى. لېكىن بۇلارنىڭ كەلگەنلىكىدىن باندىتلار ئاللىقاچان خەۋەر تاپقانىكەن.

باندىتلار بۇ ئۆينى قورشىۋالغان چاغدا پوستتىن باشقا جەڭچىلەر تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. باندىتلار ئەپچىللىك بىلەن پوستقا يېقىنلىشىپ ئۇچىنچى ـ ئورۇندىكى پوستنى تۇتۇپ بوغۇزلاپ تاشلىدى. ئەمما تۆتىنچى ـ پوست دۈشمەننىڭ شەپىسىنى سېزىپ قېلىپ، ئۆزىگە ئېتىلىپ كەلگەن ئىككى باندىتنى ئېتىپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن قايقاراڭغۇ كېچىدە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا شىددەتلىك ئېتىشىش باشلاندى. ئېتىشىش تاڭ ئاتقۇچە داۋاملاشتى. باندىتلار تاڭ ئاتقان ھامان ۋەزىيەتنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز بولىدىغانلىقىنى سېزىپ، دەريا تەرەپكە چېكىنىشكە باشلىدى. ئالىم مەرگەن چېكىنگەن دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن

قوغلاشقا بۇيرۇق بەردى. ئۇرۇش دەريا بويىدا قىسقا ۋاقىت، ئەمما ناھايىتى شىددەتلىك داۋام قىلدى. جەڭچىلەر تاللىق ئارىسىدا ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ دۈشمەنلەرنى رەھىمسىزلەرچە ئوققا تۇتاتتى.

باندىتلار بىر مۇنچە ياردار، جەسەت ۋە ئاتلىرىنى قىرغاقتا قالدۇرۇپ، ئۆزىنى دەرياغا تاشلىدى ـ دە، نېرىقى قىرغاققا ئۈزۈپ ئۆتۈۋالدى. دەريا بويىدا بىر نەچچە ئۆيلۈك قازاق چارۋىچىلىرى بار ئىدى. ئۇلار كەلگەنلەرنىڭ مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي ئۇلارنى ئۆيلىرىگە مېھمان بولۇشقا چاقىردى ۋە قالىبەگ قاتارلىقلارنىڭ قىلغان چېكىدىن ئاشقان ئەسكىلىكلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشقا باشلىدى. ئۆي ئىگىسى يېشى يەتمىشلەرگە يېقىنلىشىپ قالغان قازاق موماي ئىدى، ئۇ جەڭچىلەرنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن قازانغا گۆش سېلىۋاتقاندا ئالىم:

— ئانا، ئېغىر كۆرمىسەڭ بىزگە بىر قاچىدىن ئۇگرە ئېتىپ بەرسەڭ، — دېدى.

— ۋاي جانىمەي، — دېدى موماي خىجىللىق ئارىلاش كۈلۈپ، ـ ئۈن سەندىن ئايلانسۇن، ئەمما خېلى ۋاقىت بولدى، ئۆيدە بىر چىمدىم ئۇن يوق. ھەممىسىنى باندىتلار بۇلاپ كەتتى. بىز شۇندىن بېرى گۆش يەپ جان بېقىپ كېلىۋاتىمىز، — دېدى.

بىر چاغدا سىرتتا «ۋاڭ» قىلىپ ئېتىلغان ئوق ئاۋازى، ئاندىن پوستىنىڭ ۋارقىرىغان قوپال ئاۋازى ئاڭلاندى. ھايال ئۆتمەي پوست ئۆيگە ناتونۇش بىر ئادەمنى غۇلىدىن ئىتتىرگىنىچە ئېلىپ كەلدى.

— دوكلات! — دېدى پوست ئالىم مەرگەنگە، — بۇ ئەبلەخ تاللىق ئارىسىغا مۇكۇنۇۋېلىپ بىزنى كۆزىتىۋاتقانىكەن. مەن ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ «نېمە ئادەمسەن؟» دېيىشىمگە يېنىدىن تاپانچىسىنى ئېلىپ بىر پاي ئوق ئاتتى ۋە قاچماقچى بولدى. ھېلىمۇ ياخشى ئوقى ماڭا تەگمەي قالدى.

— نېمە ئادەمسەن؟ — سورىدى ئالىم مەرگەن ئۇنىڭ كۆزىگە نەشتەردەك قادىلىپ. جاسۇس گويا ئالىم مەرگەننىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك ھاڭۋېقىپ تۇرۇۋەردى. كونا جەڭچى، موڭغۇل يىگىت دورجى ئۇنىڭ تەقى ـ تۇرقىغا، چىرايىغا قاراپ:

— قارىغاندا بۇ موڭغۇل ئوخشايدۇ، مەن ئۆزۈم سوراق قىلاي، — دېدى ۋە جاسۇسقا قاراپ، ـ ئېتىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى موڭغۇل تىلىدا.

— باتىناسىن، — دەپ جاۋاب بەردى جاسۇس.

— نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەمسەن؟

— مالچىمەن، — ئېرەڭشىمىگەن ھالدا جاۋاب بەردى جاسۇس.

— يالغان! — ۋارقىرىدى دورجى، — مالچى ئىكەنسەنئۇ، نېمىشقا بىزنى پايلاپ تۇرىسەن، نېمىشقا بىزنىڭ پوستقا ئوق چىقىرىسەن؟ راستىنى سۆزلە، بولمىسا مېڭەڭگە ئوق يەيسەن!

باتىناسىن ئىلاجىسىز، ئۆزىنىڭ قالىبەگنىڭ ئەسكىرى ئىكەنلىكىنى، قالىبەگ ئۇنى بۇياققا رازۋېدكىغا ئەۋەتكەنلىكىنى ئىقرار قىلدى.

— ھۇ كەنخۇمۇر! — دەپ تىللىدى دورجى ئۇنىڭ

ياقىسىنى قاماللاپ، — سېنىڭ قەيېرىڭ موڭغۇل؟ موڭغۇل خەلقى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ۋە باندىتلىرىنىڭ قانچىلىك زۇلۇمغا ئۇچرىدى؟ سەن مۇشۇلارنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ بىز مىللىي ئارمىيە قىسمى ئېزىلگۈچى بارلىق خەلق ۋە مىللەتلەرنى ئازاد قىلىۋاتىمىز. سەن بىزگە ھېسداشلىق قىلماي ئەكسىچە ئەكسىيەتچىلەرگە قولچۇماق بولۇپ، بىزگە قارشى چىقىۋاتىسەن، سەن موڭغۇل ئەمەس، موڭغۇللارنىڭ خائىنى، مەن سېنى ھازىرلا ئېتىپ تاشلايمەن!

دورجى تاپانچىسىنى يالىڭاچلاپ ئۇنىڭ مېڭىسىگە توغرىلىدى. شۇ چاغدا باتناسىن بېشىنى چاڭگاللاپ دورجىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ:

— مېنى ئاتما، جېنىمنى ئامان قوي، مەن ئېزىپتىمەن، گۇناھىمنى يۇياي، — دەپ يالۋۇردى ۋە قالىبەگ ھەم ئۇنىڭ باندىت ئەسكەرلىرىنىڭ دۆڭسەن تاغ ئېغىزىدا نۇرغۇن قازاق، ئۇيغۇر ۋە موڭغۇل پۇقرالارنى نەزەربەند ئاستىغا ئېلىپ بىر يەرگە يىغىۋالغانلىقىنى، پۇقرالارنىڭ ھاياتى قىل ئۇستىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، پۇقرالار سوغۇق ۋە ئاچلىقتىن بىر - بىرلەپ ئۆلۈۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— بۇ گېپىڭ راستمۇ؟ — سورىدى دورجى.

— راستلىقى ئۇچۇن قەسەم ئىچەي، — دېدى باتناسىن.

— بىزنى شۇ يەرگە باشلاپ بارالامسەن؟

— ئۇدۇل يول بىلەن بېرىشىمىز خەتەرلىك، مەن سىلەرنى ئارقا يول بىلەن باشلاپ باراي، ئۇ يەرگە قويۇلغان



www.uyghurkitap.com

پوستمۇ مېنىڭ ئاغىنىلىرىم.

جەڭچىلەر باتناسىنغا يول باشلىتىپ، ئادەم ئاياغ باسمىغان تەبىئىي ئورمانلىق ۋە جاڭگاللىق ئارىلاپ يۈرۈپ كەتتى. دۈشمەن تاغ ئېغىزىدا قالىبەگ قويغان پوستلار ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. جەڭچىلەر پوستلارنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، تاغنىڭ ئارقا قاپتىلىغا ئۆتتى. ئۇ يەردە پەقەت ئىككى نەپەر پوست سوغۇقتىن دۈگدىيىپ، ئۈياق ـ بۇياق مېڭىپ يۈرۈشەتتى. باتناسىن ئاتلىق بېرىپ ئۇلارنى گەپكە تۇتۇپ تۇردى، ئۇنىڭغىچە دورجى، يەنە ئىككى ئەسكەر ئارقىسىدىن كېلىپ، پوستقا خەنجەر ئۇردى.

باشقا جەڭچىلەر چاقماق تېزلىكىدە پىلىموت ۋە ئاپتوماتلىرىنى دۈشمەنلەرگە توغرىلىدى، تاغ قاپتىلىدا باندىتلار ياققان گۈلخان لاۋىلداپ كۆيۈۋاتاتتى، باندىتلار ئالىتاغىل ۋارقىرىشىپ، بىرلىرى قوي سويسا، بىرلىرى ئوتتا گۆش پىشۇرۇۋاتاتتى. ئالىم مەرگەننىڭ كوماندىسى بىلەن تەڭ پىلىموت بىلەن ئاپتومات تەڭلا سايراشقا باشلىدى. ئۇلار ئاتقان گرانات باندىتلارنىڭ ئەتراپىدا گۈمبۈرلەپ پارتلىدى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە دۈشمەنلەر ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ، پىتىراپ ھەر تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. باندىتلار قالايمىغان ئوق ئېتىشىپ، يىگىرمە ـ ئوتتۇز دەك ئۆلۈك قالدۇرۇپ، تىرىك قالغانلىرى ئاتلىرىغا مىنىپ دۈشمەننىڭ شەرق ئېغىزىغا قاراپ قېچىشتى. جەڭچىلەر ھۇررا توۋلاپ پەسكە چۈشكەندە ئەللىك ـ ئاتمىشقا يېقىن پۇقرالار بىر ئۆڭكۈرگە قاپساپ قويۇلغانىكەن، ئۇلار مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنى كۆرگەن ھامان يىغا ـ زارقىلىپ، جەڭچىلەرگە قاراپ ئۆزلىرىنى ئېتىشتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى

www.uyghurkitap.com

مىللىي ئارمىيىگە بالىلىرىنى ئەسكەرلىككە بەرگەن دەپ ئەيىبلەنگەن پۇقرالار بولۇپ، باندىتلارنىڭ خالىغانچە خورلىشىغا ئۇچراپ ئىت، ئېشەك ئورنىدا ياشاپ كېلىۋاتقانىكەن، شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن يىگىرمە ياشلار ئەتراپىدىكى قازاق قىزى يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە، ئالىم مەرگەننىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپ:

— ۋاي سەن ئالىم ئاكامغۇ؟ — دەپ توۋلىدى، ئالىم مەرگەن شۇ چاغدىلا بۇ قىزنى تونۇدى، ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىن قېرىندىشى جۇمەتاينىڭ سىڭلىسى مىدەلقان بولۇپ، جۇمەتاي ئالىم مەرگەننى ئۆتكەن يىلى ئۆز ئاۋۇلىغا باشلاپ چىققاندا، ئالىم مەرگەن بۇ قىز بىلەن تونۇشقان ھەم بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشقانىدى.

— سەن كۆز قاراغىم نېمە بولۇپ بۇ تاغ ئارىسىغا قامىلىپ قالدىڭ؟ — دەپ سورىدى ئالىم مەرگەن ھەيران بولۇپ.

مىدەلقان:

— ۋاي قوي بۇ قالىبەگ دېگەن گۆرىگە ئوت كەتكۈرنى. ئۇ ئوغلۇڭ جۇمەتاينى ئىلى ئوغرىلىرىغا ئەسكەرلىككە بەرگەنلىكىڭ ئۈچۈن جازاغا لايىقسەن، دەپ دادامنى، ئاپامنى، مېنى تۇتقۇن قىلدى. قوي، كالىمىزنى بۇلاپ كەتتى. دادام بىلەن ئاپام بۇ سوغۇققا چىدىيالماي توڭلاپ ئۆلدى، بۇ مەلئۇنلار دادام بىلەن ئاپامنىڭ جەسىتىنى پۇتىدىن سۆرىگىنىچە ئاپىرىپ قار دۆۋىسى ئارىسىغا تاشلىۋەتتى. بىر ئۆيدىن پەقەت مەنلا يالغۇز قالدىم، — دەپ يىغلىدى. ئاندىن، — جۇمەتاي ئاكام ئامان ـ ئېسەنمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— جۇمەتاي شىخۇدا قالدى، ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بول، بىز داداڭ بىلەن ئاپاڭنىڭ قىساسىنى بۇ باندىتلاردىن چوقۇم ئالماي قويمايمىز، — دېدى ئالىم مەرگەن.

ئالىم مەرگەننىڭ جەڭچىلىرى تاغ ئارىسىدا تۆت يۈزچە قوي، يۈزدىن ئارتۇق كالا ۋە ئاتلارنى قولغا چۈشۈرگەنىدى. ئالىم مەرگەن قوي، كالىلارنى پۇقرالارغا ئۈلەشتۈرۈپ ئۆز ئۆيلىرىگە يولغا سالدى، ئاخىرىدا مىدەلقانغا:

— سەن خالىساڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭنىڭ ئۆيىدە تۇر، قوي، كالىلاردىن ئۆزۈڭگە يېتەرلىك ئال، جەڭچىلىرىمىز سېنى ئاۋۇلۇڭغا ئاپىرىپ قويسۇن، — دېدى.

— ياق، ئالىم ئاغا، مەن سىلەر بىلەن بىللە بولاي، ئۇنداق قىلمىسام بۇ يەردىكى باندىتلارماڭا ئامانچىلىق بەرمەيدۇ. ئۇيلاپ باقسام مېنىڭ بىرى خۇدادىن، يەنە بىرى سىلەردىن باشقا يۆلەنچۈكۈم يوق ئىكەن. سىلەر مېنى ئايال دەپ كەمسىتمەڭلار، ماڭا بىر ئات بىلەن بىر قورال بەرسەڭلار، باندىتلار بىلەن خۇددى سىلەرگە ئوخشاش ئۇرۇش قىلالايمەن. مەن قىز بولسامۇ بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن ئاتا - ئانام، قەۋم - قېرىنداشلىرىمنىڭ ئەنت - قىساسىنى ئېلىشىم كېرەك، — دېدى مىدەلقان قارشىلىق قىلىپ.

— ئاۋۇلدا بىر ئىنىڭ بارغۇ، ئۇنى قانداق قىلىسەن؟ — سورىدى دورجى. — ئۇنى تۇغقانلارنىڭكىگە ئامانەت قويىمەن، — دېدى مىدەلقان.

راستىنى ئېيتقاندا، ئالىم مەرگەن بۇ بوتا كۆزلۈك قازاق قىزىدىن زادىلا ئايرىلغۇسى يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە

مىدەلقاننىڭ باشقا ئەر جەڭچىلەرگە ئوخشاش قورقماس، جىگەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا يۇقىرى رەھبەرلىك رەسمىي تەستىقلىغۇچە ئۇنىڭ بۇ رازۋېدكاقوشۇنى بىلەن بىللە بولۇشقا قوشۇلدى.

بۇنى ئاڭلاپ مىدەلقان ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى:

- رەھمەت ساڭا ئالىم ئاغا، مەن ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ كۈتكەن يېرىڭلاردىن چىقىشقا تىرىشىمەن، — دېدى ئۇ باشقىچە روھلىنىپ.

رازۋېدكا قوشۇنى شۇ كۈنى كەچتە دۈشمەندىكى بىر قازاق چالىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ قونۇپ قالماقچى بولدى. ئالىم مەرگەن مىدەلقاننى رازۋېدكا قوشۇنىغا ئۆز ئالدىغا قوبۇل قىلغانلىقىنىڭ توغرا ياكى خاتا بولغانلىقىنى بىلەلمەي كەچتە دورجىدىن سورىدى.

— مېنىڭچە مۇنداق قىلغىنىڭ توغرا بولدى، - كېسىپلا ئېيتتى دورجى، — ئۇن بىر ماددىلىق بىتىم مىللىي ئارمىيىگە زادى نېمە پايدا ئېلىپ كەلدى؟ بىتىمنىڭ روھىغا ئاساسەن نۇرغۇن جەڭچىلەر قىسقارتىلىپ ئۆز ئائىلىسىگە قايتۇرۇلغانلىقتىن، ئارمىيىمىزنىڭ سانى بۇرۇنقىدىن كۆپ ئازلاپ كەتتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىزنىڭ مۇشۇ ئاجىزلىقىمىزدىن پايدىلىنىپ، بىزنى ئۆزۈل - كېسىل يوقىتىش، ئازاد رايونلارنى قايتىدىن ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىش ئۈچۈن بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىقالمىغىنى بىلەن باندىتلارنى يۆلەپ، ئۇلارنى بىزگە قارشى كۈشكۈرتۈپ ئۆزى ئۇلارغا ئارقا تېرەك بولدى، ھازىرغۇ ئىش پەقەتلا مۇشۇنچىلىك. كېيىن يەنە نېمە ئىشلار يۈز بېرىدۇ، كىم

بىلىدۇ؟ مىدەلقاننىڭ بىزنىڭ سىپىمىزگە قوشۇلغىنىنى مىللىي ئارمىيىمىزدە بىر جەڭچى كۆپەيدى دېگەن سۆز. خاتا ـ توغرىسىدىن خاتىرجەم بول ئاداش، ساۋەنگە قايتقاندا بۇنى مەن ئەيساغا ئۆز ئاغزىم بىلەن ئېيتىپ ھەل قىلىمەن.

جەڭچىلەر گۆش ۋە ئەتكەن چايغا راسا قېنىشىپ ئۇخلاپ قالدى. چالىنىڭ ئون ئىككى ـ ئون ئۈچ ياشلاردىكى بىر قىزى بار ئىدى. مىدەلقان ئۇ قىز بىلەن بىللە ئۇخلاشقا تۇتۇندى، ئالىم مەرگەن ئىشىك ئالدىدا پوستتا تۇرۇپ قېلىن قارنى غاچىلدىتىپ دەسسەپ، ئۇياق ـ بۇياققا ماڭماقتا ئىدى. يۇلتۇزلۇق ئاسماندىكى ئاي كائىناتقا ئاپئاق نۇر چېچىپ تۇراتتى. بۇ نۇرلار قار كرىستالى ئۈستىدە ئەكسلىنىپ كېچىدە تولىمۇ كۆڭۈللۈك مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى. بىر چاغدا مىدەلقان جۇۋىنى كىيىپ ئۆيدىن چىقتى. ئۇ خۇددى كۆكتىن چۈشكەن پەرىشتىدەك تولىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى.

— نېمىشقا چىقتىڭ؟ — سورىدى ئالىم مەرگەن ئۇنىڭ جۇۋىسىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ.

— سەن بىلەن بىردەم تۇرغۇم كېلىپ ...

— قايتىپ كىرىپ كەت، مەن ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتىمەن.

— مەن ساڭا توسالغۇلۇق قىلمىدىمغۇ؟ — دېدى مىدەلقان نازلىنىپ.

— بۇ بىر ھەربىي قائىدە، — دېدى ئالىم مەرگەن كەسكىن قىلىپ، — ئۆيگە قايت.

— ئەمىسە بىر ئېغىز گەپ سورىۋالاي.

— نېمە گەپ؟ تېز بول!

— ئەمىسە مەڭگۈ بىللە بولىمىز، دەپ ۋەدە بەرگىن.

— ئەخمەق قىز، — ئالىم مەرگەن كۈلۈمسىرىدى، — ئۇرۇش توگىگىچە ئامان قالامدۇق ياكى قۇربان بولامدۇق، بۇنى كىم بىلىدۇ؟

— ياق، مەن ئۇنى سورىمىدىم، — مىدەلقاننىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى، — سەن مېنى راستىنلا ياخشى كۆرەمسەن؟ راست گەپ قىل.

— ياخشى كۆرمىسەم قوشۇندا ئېلىپ قالارمىدىم؟

— مېنىڭ كۆز قارىغىم — ... مىدەلقان ئالىمنى قۇچاقلىدى، ئۇ خۇددى سوغۇقتىن مۇزلاپ كەتكەندەك تىترەيتتى. ئالىم ئۆزىنى بىلمىگەن هالدا جۇۋىسىنىڭ ئالدىنى ئېچىپ مىدەلقاننى مەهكەم قۇچاقلىدى.

— مېنىڭ سەۋلىم — ... شىۋىرلىدى ئۇ مىدەلقاننىڭ يۇمشاق لەۋلىرىگە سۆيۈۋېتىپ. قىز ئىزا تارتقاندەك ئالىم مەرگەننىڭ قۇچىقىدىن تېزلا ئۆزىنى ئېلىپ قاچتى ۋە ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئەيسادىن جىددىي بۇيرۇق كەلدى، بۇ بۇيرۇقتىكى مەلۇماتتا باندىتلارنىڭ ساڭگۇڭدىكى چارۋىچىلارنى بۇلاش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتقانلىقى، شۇڭا ئالىمنىڭ ئۆزى قوشۇننى باشلاپ تېزلىكتە ساڭگۇڭغا قاراپ يولغا چىقىشى كېرەكلىكى ئېيتىلغانىدى. ئالىم بۇيرۇقنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

مىدەلقانغا جىددىي قىلىپ مۇنۇ خەۋەرچى بىلەن شىتابقا قايتىپ كەت، ساڭگۇڭدا ئېهتىمال قاتتىق جەڭ بولۇشى مۇمكىن، شىتابنىڭ رۇخسىتىسىز سېنى جەڭگە



www.uyghurkitap.com

قاتناشتۇرالمايمەن، — دېدى. ئالىم ئاساسلىقى مىدەلقاننىڭ بىخەتەرلىكىنى، ساق ـ سالامەت بولۇشىنى ئويلىغانىدى.

— ياق، مەن شىتابقا بارمايمەن، — دېدى مىدەلقان بوينىنى تولغاپ، — سەن نەدە بولساڭ مەن شۇ يەردە بولىمەن. سەن بىلەن هاياتلىقتىمۇ، ئۆلۈمدىمۇ بولىمەن.

جەڭچىلەر قاقاقلاپ كۈلۈشتى.

— ئۇيغۇرلاردا — ... دېدى دورجى ئۆزىنى كۈلكىدىن توختىتىپ، — قالماق ئېتى ئارپا يېمەس، ئارپا يېسە توۋرا تېشەر دېگەن بىر ماقال بار ئىكەن. ئالىمنى خېلى ۋاقىتتىن بېرى بىر ەر قېتىممۇ ئىزدەپ قويمىغىنىڭ، ئەمدى بىر كۆرۈپلا قولتۇقىغا كىرىۋالدىڭغۇ!

مىدەلقان يەردىن ئۈستۈن قارىماي جىمجىت كۈلۈپ تۇراتتى.

ئالىم مىدەلقان بىلەن خېلى ئۇزۇنغىچە تالاشتى. ئۇ ئاخىر ئىلاجىسىز هالدا مىدەلقاننىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىللە ساڭگۇڭغا بېرىشىغا قوشۇلدى ۋە قوشۇنغا دەرهال ساڭگۇڭغا قاراپ دەرهال ئاتلىنىشقا بۇيرۇق بەردى. ئالىم مەرگەن باشلاپ كېتىۋاتقان قوشۇن كۈلتۈك قارلارنى كېچىپ، ساڭگۇڭغا قاراپ تېزلىكتە ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۇلار ساڭگۇڭغا باندىتلاردىن بۇرۇن يېتىپ بارغانىدى، ئۇلار ساڭگۇڭدىكى تۇرسۇن خوتەن ئىسىملىك بىر دېهقاننىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ ئورۇنلاشتى. ئۇلار ئۆيدە ئەمدىلا چاي ـ پاي ئىچىپ ئولتۇراتتى. تۇرسۇن خوتەننىڭ ئون ئىككى ـ ئون ئۈچ ياشلاردىكى ئوغلى ئۆيگە ئېتىلىپ كىرگىنىچە:

— ۋاي دادا، ۋاي ئاپا، مېنى بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويساڭلار، ساندۇققا سولاپ قويساڭلار، — دەپ يىغلاشقا

باشلىدى.

— نېمە بولدى؟ ئالدىرىماي گەپ قىلمامسەن؟ — دېدى تۇرسۇن خوتەن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي.

— باندىتلار كەلدى، ھەممىسى خامانلىقتا تۇرىدۇ، — دېدى بالا ئېسىنى يىغىپ. جەڭچىلەر دەرھال قوراللىرىنى بەتلىشىپ سىرتقا قاراپ ئېتىلىشتى. ئەمما ئۇلار ئاللىقاچان كېچىككەنىدى. يۈزدىن ئارتۇق باندىت تۇرسۇن خوتەننىڭ ئۆيىنى قورشىۋالغانىدى. جەڭچىلەر ئالىم مەرگەننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئېغىل، ئامبار ۋە دەرەخ ئارىلىرىغا يوشۇرۇنۇپ باندىتلارغا قايتۇرما زەربە بېرىشكە باشلىدى. مىدەلقان قولىدىكى پىلىموتنى پاكار ھويلا تېمىنىڭ يوچۇقىدىن دۈشمەنگە توغرىلىغىنىچە توختىماي ئېتىۋاتاتتى. ئالىم مەرگەن قاشانىڭ يېنىدا ئاپتوماتىدىن ئوق ئۈزگىنىچە باشقا جەڭچىلەرگە قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى. ئىككى تەرەپتىن ئېتىلىۋاتقان ئوق ۋە گراناتنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازىدىن ئەتراپ زىلزىلىگە كەلگەنىدى.

رازۋېدچىلار بىلەن باندىتلارنىڭ ئارىلىقى بارغانسېرى يېقىنلاپ ئوتتۇز مېتىرچە قالدى. دۈشمەن ئۆزىنىڭ سان جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىگە تايىنىپ، قورشاۋ دائىرىسىنى بارغانسېرى تارايتماقتا ئىدى. ئۇرۇش ناھايىتى كەسكىن داۋام قىلىۋاتاتتى. ئالىم مەرگەن دەرەخ ئارىسىدىكى ئىككى جەڭچىنىڭ ئاللىقاچان قۇربان بولغانلىقىنى بىلدى. مۇبادا ئۆزىنىڭ قورالىدا ئوق تۈگەپ كېتىدىغان بولسا، دۈشمەن قولىغا تىرىك چۈشمەكتىن باشقا يول يوق ئىدى. ئالىم مەرگەن بىر ياقتىن دۈشمەنگە ئوق ئۈزۈپ، بىر ياقتىن ئاستا ئۆمىلەپ مىدەلقاننىڭ يېنىغا كەلدى:

www.uyghurkitap.com

— سەن دەرھال شتابقا بېرىپ بىزنىڭ قورشاۋادا قالغانلىقىمىزنى خەۋەر قىل! — دېدى ئۇ دۈشمەندىن كۆزىنى ئۈزمەي.
— ياق سەندىن ئايرىلمايمەن.
— كاپشىما! بۇيرۇقنى ئىجرا قىل!
— شتابقا قانداق بارىمەن؟ — سورىدى مىدەلقان سەل يۇمشاپ.
— سەن ئېغىلغا كىرىپ مېنىڭ ئېتىمنى مىن، ئۇنىڭغىچە مەن پىلىموت بىلەن دۈشمەننىڭ ئوق كۈچىنى توسۇپ تۇرىمەن. گرانتىڭ بارمۇ؟
— ئۈچى قالدى.
— ئەكەل شۇنى، — دېدى ئالىم مەرگەن، — ئەمىسە ماڭ!
مىدەلقان ھازىر ئارتۇقچە گەپ تاكاللىشىپ تۇرۇشنىڭ ھالاكەت بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا، پىلىموتنى ئالىم مەرگەنگە تۇتقۇزدى ـ دە، ئۆزى ئېغىل ئىچىگە ئۆمىلەپ كىرىپ كەتتى. ئالىم مەرگەن ئېغىل ئالدىدىكى دۈشمەنگە قارىتىپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى گرانات تاشلىدى. ئېغىل ئالدىنى قويۇق ئىس ـ تۈتەك قاپلىدى. ئاللىقاچان ئاتقا مىنىپ تەييار بولغان مىدەلقان ئېتىنى تېزلىك بىلەن چاپتۇردى ـ دە، كۆزىنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە قورشاۋنى بۇزۇپ چىقىپ كەتتى. تۇيۇقسىز بىر جەڭچىنىڭ ئاتقا مىنىپ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن دۈشمەنلەر مىلتىقنى ئۇنىڭغا توغرىلاپ ئېتىشقا باشلىدى. ئوق مىدەلقاننىڭ قۇلاقچىسىنى ئۇچۇرۇپ كەتتى. لېكىن مىدەلقان ئاللىقاچان دۈشمەن كۆزىدىن غايىب بولغانىدى.

ساڭگوڭ يايلىقى بارغانسېرى مىدەلقاننىڭ ئارقىسىدا قالماقتا ئىدى. ئات سادىقتىن ئېتىلغان ئوقتەك ئۇچاتتى. سوغۇق شامال مىدەلقاننىڭ قولىقى تۈۋىدە ئۇششۇلاتتى. مىدەلقان ئېتىنى مۇشۇنداق چاپتۇرغىنىچە ساۋىن ئىسكادرون شتابىغا يېتىپ كەلدى.

— سىزگە كىم كېرەك؟ — ئالدىنى توستى پوست بو ناتونۇش جەڭچىگە سىنچىلاپ قاراپ.

— تېز - تېز، مەن كوماندىر ئىسكادرون ئەيسا بىلەن كۆرۈشۈشۈم كېرەك، - دېدى مىدەلقان ئالدىراپ.

ئەيسا مىدەلقاننى ئۆز ئىشخانىسىدا قوبۇل قىلدى. ئۇ مىدەلقاندىن ھەممە ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، دەرھال ئىككى ئىزۋوت ئەسكەرنى ياردەمگە بېرىشقا بۇيرۇدى، ئىشلار ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. تولۇق قوراللانغان ئىككى ئىزۋوت ئەسكەر ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ساڭگوڭغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. مىدەلقاننىڭ ئەس - يادى ساڭگوڭدا قورشاۋدا قالغان جەڭچىلەردە، خۇسۇسەن ئالىمدا ئىدى. ئۇلار تۇرسۇن خوتەننىڭ ئۆيىگە ئات چاپتۇرۇپ بارغاندا، ئوق ئاۋازلىرى ئاللىقاچان بېسىققانىدى. ئەمما ئۇلار ئۆي ئەتراپىدىكى دەھشەتلىك مەنزىرىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىشتى. جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى قۇربان بولغان، تۇرسۇن خوتەن، ئايالى ۋە بالىسى قىلىچتا چېپىپ تاشلانغان، ئاشلىق ۋە چارۋا ماللىرى بۇلاپ كېتىلگەنىدى.

مىدەلقان ئۇستىۋېشى قىپقىزىل قانغا بويالغان ئالىم مەرگەننىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى ئاتقىنىچە ھۆركىرەپ يىغلاشقا باشلىدى. لېكىن ئۇ كۈتۈلمىگەندە، ئالىم مەرگەننىڭ يۈرىكىنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس سوقۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ

قالدى ـ دە، ئاۋازىنىڭ بارىچە:
— بۇياققا كېلىڭلار! ئالىمنىڭ جېنى بار ئىكەن. بۇ ئۆلمەپتۇ! ـ دەپ توۋلىدى.
ئالىم مەرگەننىڭ راستىنلا يەيدىغان رىزقى بار ئىكەن. جەڭچىلەر تۇرسۇن خوتەننىڭ ھويلىسىدىكى چانىغا دەرھال ئات قوشتى ـ دە، ئۇستىگە ئالىم مەرگەننى ياتقۇزۇپ شىتابقا ئېلىپ ماڭدى. تۆت نەپەر ئەسكەر قۇربانلارنىڭ جەسىتىنى دەپنە قىلىشقا مەسئۇل قىلىندى. قالغانلىرى باندىتلارغا قارشى جازا يۈرۈش قىلىپ ئاتلىق يۈرۈپ كەتتى.

# ئون ئىككىنچى باب

ئالىم مەرگەن گوسپىتالدا جىددىي ئوپېراتسىيە قىلىنىپ، ئۆپكىسىدە توختاپ قالغان ئوق ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىنلا ھاياتى قۇتقۇزۇپ قېلىندى. شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئۇنىڭ يەنە بەل ۋە پۇتىغا ئوق تەگكەنلىكتىن جاراھىتى ئېغىر ئىدى. ئۇ قىش ئۆتۈپ پەقەت 1948 ـ يىلى باھار ئايلىرىغا كەلگەندىلا گوسپىتالدىن چىقتى. گەرچە ئۇنىڭ جاراھەتلىرى تولۇق ساقايمىغان بولسىمۇ، ئۆزى گوسپىتالدىن چىقىشنى قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغانلىقتىن، رەھبەرلىك ئۇنىڭ ئىلتىماسىغا قوشۇلغاندى. بۇ بىر نەچچە ئاي ئىچىدە مىدەلقان ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي دېگۈدەك ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. مىدەلقان ئەمدى مىللىي ئارمىيىنىڭ رەسمىي جەڭچىسى بولۇپ قالغانىدى. بوي ـ بەستىگە تولىمۇ ياراشقان ھەربىي فورما ئۇنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ كۆرسىتەتتى. مىدەلقان ئۇنى ھەر كۈنى دېگۈدەك خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە مەملىكەت ئىچى، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ئۇرۇش ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلىپ تۇراتتى.

— ئاڭلىسام خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئىچكىرى ئۆلكىلەرنى ئاساسەن ئازاد قىلىپ بوپتۇ، — دېدى بىر كۈنى مىدەلقان ھاياجانلىنىپ، — گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭمۇ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغانمىش. شۇڭا، شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭمۇ يېلى بوشاپ كەتكەن گەپ،



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

لېكىن باندىتلار بەك ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ.
— چۈنكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى ئارقاتېرىكىمىز، دەپ ئويلايدۇ ئۇلار، — دېدى ئالىم مەرگەن قاپىقىنى تۈرۈپ.
— ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق، — مىدەلقان ئالىم مەرگەننىڭ كېيىمىنى كېيىشىگە ياردەملىشىۋېتىپ داۋام قىلدى، — گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىز بىلەن يەكمۇيەك جەڭگە چۈشۈشكە جۈرئەت قىلالماي، ئوسمان، قالىبەگ قاتارلىق باندىتلارغا يەل بېرىپ ئۇلارنى قورال، ئوق - دورا، ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن تەمىنلەشتىن تاشقىرى، ئۇلارغا ھەربىي مەسلىھەتچىلەرمۇ ئەۋەتكەنمىش.
— ئۇلارنى ئۇزۇل - كېسىل يوقاتماي تۇرۇپ، خەلقىمىزنى ھەقىقىي خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرگىلى بولمايدۇ. مەن گوسپىتالدىن چىقىشنى تەلەپ قىلىمەن، مەن قوشۇنغا قايتىپ باندىتلارغا قارشى بىر تامچە قېنىم قالغۇچە ئۇرۇش قىلىمەن، — دېدى ئالىم مەرگەن ئۇنىڭ گوسپىتالدىن چىقىشى مۇشۇنداق بىر ئالاھىدە ۋەزىيەت ئاستىدا تەستىقلاندى. ئۇ قوشۇنغا قايتىش ئالدىدا باش شتابقا چاقىرتىلدى. ئۇنى مەرغۇپ ئۆز ئىشخانىسىدا يالغۇز ساقلاپ تۇرغانىكەن، ئۇ ئالىم مەرگەن بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن:
— يارايسەن يىگىت! سەن مىللىي ئارمىيىمىزنىڭ ھەقىقىي قەھرىمان جەڭچىسى بولۇشقا مۇناسىپسەن. سەن ماناس كۆۋرۈكىنى ساقلاشتا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەندىن باشقا، ساۋەنگە يۆتكەلگەندىن كېيىن، دۈشمەن تاغلىرىدا باندىتلارنى تازىلاشتىمۇ قالتىس خىزمەت كۆرسەتتىڭ،

ئارمىيىمىز ئۈچۈن شان ـ شەرەپ كەلتۈردۇق. شۇڭلا مەن بۈگۈن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن ساڭا «ئىستىقلالىيەت» مېدالىنى ئۆز قولۇم بىلەن تەقدىم قىلغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى چەكسىز بەختلىك ھېسابلايمەن!

ئالىم مەرگەننىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى، ۋۇجۇدى ھاياجان، ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىدىن تىترىدى. ئۇ كۆكرىكىگە قادالغان ئاي، يۇلتۇزلۇق «ئىستىقلالىيەت» مېدالىدىن خېلىغىچە كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى. كۆكرىكىدىكى «ساداقەت» ۋە «ئىستىقلالىيەت» مېداللىرى ئۇنىڭغا ئۆتمۈشنى ئەسلەتمەكتە ۋە ئۇنى كەلگۈسىگە ئۈندىمەكتە ئىدى، ئۇ كېلەچەككە نېمە بىلەن بارىدۇ؟ ئەلۋەتتە خەلق ۋە ۋەتەن ئۈچۈن كۆرسەتكەن خىزمىتى بىلەن ـ دە!

ئالىم مەرگەن باش شتابنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن باتالىيون كوماندىرى بولۇپ تەيىنلەندى. ئۇنىڭ باتالىيونىغا قورغاس دەرياسى بويىدىكى باندىتلارنى قورشاپ يوقىتىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغانىدى. باش شتابنىڭ مۆلچەرىچە، بۇ قېتىمقى جەڭ باشقا قېتىمدىكىسىگە ئوخشىمايتتى. قالىبەگ ئۆزىگە ياردەمگە كەلگەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ، بىرلەشمە مۇداپىئە لىنىيىسى تۈزۈپ قورغاس دەرياسى بويىدا جەڭگە تەييارلىق قىلماقتا ئىدى. ئالىم مەرگەن بۇ جەڭ ۋەزىيىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەسكەرلىرىنى يېنىك قوراللاردىن باشقا يەنە ئېغىر قوراللار بىلەن قوراللاندۇردى ۋە قوشۇننى ئۈچ سەپكە بۆلۈپ، دۈشمەننى دەريا بويىدا ئۈچ تەرەپتىن قورشاپ يوقىتىشقا بۇيرۇق بەردى.

ئالىم مەرگەن ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلغۇچى قوشۇندا

كېتىۋاتاتتى، ئۇ دۇربۇن ئارقىلىق دەريا بويىدىكى بۇك قارىغايزارلىقنى، قارىغايلىق ئارىسىدىكى قاتار كەتكەن كىگىز ئۆيلەرنى، كىگىز ئۆيلەرنىڭ ئۈستىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىس - تۈتەكلەرنى، ئىمىر - چىمىر بولۇپ ھەرىكەتلىنىۋاتقان ئادەملەرنى ئېنىق كۆردى. «دەريا بويىدىكى باندىتلار بىلەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ ئۈچ يۈزدىن ئاشمايدىكەن» دەپ ھۆكۈم قىلدى ئۇ ۋە ئۆزى بىللە كېلىۋاتقان زەمبىرەكچىلەرگە ئۇلارنى توپقا تۇتۇشقا بۇيرۇق قىلدى. ھايال ئۆتمەي زەمبىرەكلەر گۈلدۈرلەپ ئېتىلىشقا باشلىدى، دەريا بويى قويۇق ئىس - تۈتەك بىلەن تولدى. ئۇنىڭغىچە ئۈچ سەپكە بۆلۈنگەن قوشۇن دۈشمەنگە تېزلىك بىلەن يېقىنلىشىپ، پىلىموت ۋە مىناميوت ئارقىلىق ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. گۈلدۈرلىگەن ئوق ئاۋازلىرى ئىچىدە دۈشمەننىڭ داد - پەريادلىرى، ئاتلىرىنىڭ كىشنەشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شىددەتلىك ھۇجۇمدىن كېيىن دۈشمەن ئۇۋىسى تېزلا ئىشغال قىلىندى، دۈشمەننىڭ كىگىز ئۆيلىرى بىلەن ئىستىھكاملىرى ئوت ئىچىدە لاۋۇلداپ كۆيەتتى. دۈشمەن ئۆلۈكلىرى ئەتراپنى قاپلاپ كەتكەنىدى. ئېچىنارلىقى، بىر قىسىم دۈشمەنلەر قېچىش ئالدىدا ئۆزىنىڭ خوتۇنلىرىنى، ئۇششاق باللىرىنى نەيزە سانجىپ، قىلىچتا چېپىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. دەريادىن ئۆزۈپ ئۆتەلمەي سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن دۈشمەن جەسەتلىرى سۇ ئۈستىدە لەيلەپ تۇراتتى.

— ھەي ئىسىت، قالىبەگنى قاچۇرۇپ قويدۇق — تە! — دېدى ئالىم مەرگەن خاپا بولۇپ. شۇ ئارىلىقتا جەڭچىلەر ئەسىرگە چۈشكەن يەتمىش - سەكسەنچە دۈشمەن

www.uyghurkitap.com

ئەسكىرىنى دەريا بېشىدىن ھەيدەپ كەلدى. ئۇلارنىــڭ ھەممىسىنىڭ قاپاقلىرى چۈشكەن، كىيىملىرى يىرتىلغان، بەزىلىرىنىڭ جاراھىتىدىن ھېلىمۇ قان ئېقىپ تۇراتتى.

— بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزگە يۇك، ھەممىسىنى ئېتىپ تاشلايلى، — دېدى بىرىنچى ئىزۋوت كوماندىرى قەييۇم.

— توغرا، ئېتىپ تاشلاش كېرەك بۇ نىجىسلارنى!

— بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قولى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن بويالغان، قانغا قان، جانغا جان ئېلىش كېرەك! — دەپ چۇرقىراشتى جەڭچىلەر.

دۈشمەنلەر بۇ سادادىن قورقۇشۇپ غال - غال تىترەشمەكتە ئىدى.

— ئەسلىدە شۇنداق قىلساقمۇ بولاتتى، — دېدى ئالىم مەرگەن خىيالچان بىر ھالدا، — ئەمما ئارمىيىمىزنىڭ نىزامىدا ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرمەسلىك ۋە خارلىماسلىق دەپ بەلگىلەنگەن، شۇڭا بىزنىڭ سىياسەتكە خىلاپلىق قىلىشقا، ھەربىي نىزامنى بۇزۇشقا ھەققىمىز يوق. بۇلارنى ئەڭ ياخشىسى، باش شتابنىڭ بىر ياقلىق قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرەيلى.

جەڭچىلەر ئالىم مەرگەننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ جىــم بولدى، ئەسىرلەرنى ھەيدەپ كېتىشكە بىرىنچى ئىزۋوت مەسئۇل قىلىندى.

شۇ ئارىلىقتا قاچقان دۈشمەنلەرنىڭ ئەھۋالىــنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن رازۋېدچىكلار ئاتلىرىنــى چاپتۇرۇپ قايتىپ كەلدى:

— دوكلات باتاليون كوماندىرى! قاچقان دۈشمەنلەرنىڭ ئاتلىرى ھېرىپ ھالىدىن كەتكەچكە، دۈشمەنلەر ئاتلىرىنى

تاشلاپ پىيادە قېچىپ كېتىۋاتىدۇ.

— ئەمىسە ماڭا ئەگىشىپ مېڭىڭلار! — بۇيرۇق قىلدى ئالىم مەرگەن ئېتىغا سەكرەپ مىنىپ، — زەمبىرەكچىلەر دەريا بويىدا قالسۇن!

ئاتلىق ئەسكەرلەر دەريا ئېقىمىغا ئات سالدى ۋە نېرىقى قىرغاققا تېزلا ئۆتۈپ بولۇشتى:

— ھۇررا!

جەڭچىلەرنىڭ قىلىچلىرى ئوچۇق ھاۋادا يالتىرايتتى. ئالىم مەرگەن جەڭچىلەرنىڭ ئەڭ ئالدىدا كېتىپ باراتتى.

ئۇنى يېڭى - يېڭى جەڭلەر كۈتمەكتە ئىدى.

1991 ـ يىلى، توققۇزتارا